سۆزۈك (مەمەتئەمىن توختىنىياز)

# ئىلھام چېچەكلىرى

شېئىرلار توپلىمى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# ئىلھام چېچەكلىرى

ئاپتورى: سۆزۈك
مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇرنىسا ھەسەن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى چېڭنەنجۇڭ كوچىسى 14 قورۇ)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
قىمادىئان رايونلۇق مىللىي باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 787×1092 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 2.625 قىستۇرما ۋارىقى: 2
1987-يىل 3-ئاي 1-نەشرى
1987-يىل 10-ئاي 1-بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M10098·1176
تىرىژى: 1—4,000
باھاسى: 0.32 يۈەن



# مۇھەررىردىن

شائىر سۆزۈك (مەھەممەت ئىمىن توختىنىياز) 1920 - يىلى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ چىرىيە ناھىيىسىدە بىر قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. تىرىكچىلىك تۈپەيلىدىن ئاتا - ئانىسىغا ئەگىشىپ يەكەن ناھىيىسىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. 1938 - يىلىغىچە دىنىي ۋە پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1938 - يىلىدىن كېيىن يەكەن، مەكىت، خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىدە كاتىپ، قەشقەر «ئاڭ گېزىتى» دە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1947 - يىلىدىن 1949 - يىلىغىچە گومىنداڭ تۈرمىسىدە ياتقان.

ئازادلىقتىن كېيىن، شائىر 1958 - يىلىغىچە يەكەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا مۇئاۋىن رەئىس، يەكەن ناھىيىسىگە مۇئاۋىن ھاكىم، «يەكەن گېزىتى» نىڭ باشلىقى، يەكەن ۋالى مەھكىمە مەدەنىي — مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1958 - يىلىدىن كېيىن «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىكى سول خاتالىقنىڭ ۋە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ئېغىر زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان.

شائىرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى 1943 - يىلى باشلانغان بولۇپ، 1958 - يىلغىچە شېئىرلىرى «سۇ-زۈك» تەخەللۇسى بىلەن مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنـ-غان، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن، شائىر قايتىدىن قولىغا قەلەم ئېلىپ يېڭى دەۋرنى كۈيلەشكە باشلىدى. 1979 - يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ دەۋر روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان كۆپلىگەن شېئىر - نەز-مىلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىندى. 1983 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ئۇنىڭ «يادىكار» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدى.

بۇ توپلامغا شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىن بىر قىسمى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

# مۇندەرىجە


پەلەككە سۆز ........ 1
ئۇ كىم بولىدۇ. ........ 2
ئېگىلمە بېشىم ........ 3
ئەستىكىم ........ 4
غەمگۈزارىمغا ........ 5
سايرا دۇتارىم ........ 6
كۆزۈم ........ 8
سۆيگۈ ۋە ئىجاد ........ 9
سۆيمەن ھىجرانىنى ........ 10
قارا قۇشقاچىنىڭ سايرىشى ........ 11
دەرد ئۈستىگە دەرد ........ 12
بۇلبۇلغا ........ 13
گۈل ئىشقىدا ........ 14
تاپتىم ........ 15
ھايات قانۇنى ........ 16
ۋاقىتنىڭ قەدرىگە يەت ........ 17
ئۇستازىمغا ........ 18
دوستۇم سەن تارىخ ........ 19
تارىخ ........ 20
كەكلىك بىلەن قاغا (مەسەل) ........ 21

مەرسىيە .................................... 22
تارىخ .................................... 24
كونا زامان ئەسكە چۈشسە .................... 26
مەرسىيە .................................... 28
ئېيتقان ئىدىمغۇ، ئەي كۆڭۈل .................... 29
كەتسە .................................... 31
موماي بىلەن قىز .................................... 32
تىكەندىن قورققان بۇلبۇل ئەمەس .................... 35
ھەرگىز .................................... 36
گۈل سالدىم .................................... 37
يادىكار .................................... 37
يىللار .................................... 38
تەكەببۇرغا تەربىيە .................................... 39
بولماس .................................... 40
ساۋاق ئېلىپ تۇرمۇشتىن .................................... 40
گۈللە ۋەتەن .................................... 41
ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى شەنىگە .................... 42
دېگەن .................................... 44
سۆيگۈڭدىن ئايرىلماي ئۆتەي .................................... 44
ئاتا ـــ ئانىنىڭ كۆڭلى .................................... 45
بەخت ـ كۈرەشتە .................................... 46
مايمۇن بىلەن ئېيىقلار (چۆچەك) .................... 47
ئوقۇ قىزىم .................................... 59
قەلەمگە تەۋسىيە .................................... 60
تۇرمۇش ياخشى مەكتەپ .................................... 60

گۈزەل ........................ 61

ئەيلە باغ ئۆمرۈڭنى ........................ 62

ئىلىم دەرياسى ........................ 62

قەدرى ئۇستۇندۇر ۋەتەننىڭ كەئبەدىن ........................ 63

ياش تۇرار كۆڭلۈم مېنىڭ ........................ 64

ئوقۇغىن ئۇتلۇق غەزەل ........................ 65

ئارمان ........................ 66

غەم يېمە ........................ 66

بىر ھەسەتخورنىڭ تىلىدىن ........................ 67

تۈنۈگۈن ئۆيۈڭگە بارغىنىمدا ........................ 68

ماڭا ........................ 69

ۋىجداننىڭ تەلىپى ........................ 69

پۈتمىگەي ھېچ ئىش كۈرەشسىز ........................ 70

ئۆلۈم ئالدىدىكى سۆز ........................ 71

شائىر ۋە سۆيگۈ ........................ 71

كىچىك ئىش ........................ 72

ئەگەر ........................ 74

ماڭا ........................ 75

شائىرنىڭ قەلەمگە ئېيتقىنى ........................ 75

كېلۈر ........................ 76

سۆيگۈ ھەققىدە ........................ 77

يادىڭدا تۇرت ........................ 77

## پەلەككە سۆز

توپا چاچتىڭ يۈزىمىزگە سەل بولۇپ مىسلى قۇيۇن،
ياتلىقىڭنى ئاشكارا ئەيلىدىڭ سالدىڭ زىيان.
بۇ مۇشەققەتلەرنى ياغدۇرۇپ ئى ۋاژگۈن①،
تىرى - باران② ئەيلىدىڭ، دىللارنى قىلدىڭ لەختە قان.
نېمە قىلدۇق بىز ساڭا مۇنداق ئاداۋەت ئەيلىدىڭ؟
سەندە بارمۇ قىلچىلىك ئەدلۇ ئادالەت، قىل بايان.
چاقساڭ گۈلدۈرلەپ چاقماق كۆرۈنمەس ياغمۇرىڭ،
ئەيلىگەن بۇ پوپوزاڭ ئاجىزلىقىڭدىن بىر نىشان.
قىلساڭ ھەرقانچە زورلۇق بوي ئەگدۈرەلمەيسەن پەقەت،
سەن بىلەن تا ئۆلگىچە قارشىلىشارمىز بىز ھامان.
كۈچلىنىپ بارماقتا ئەلدە ساڭا قارشى ئويغىنىش،
تەۋرىتىپ زورلۇق ئۇلىگىنى بۇ دەھشەتلىك بوران.
ئى ستەمكار③، ھىيلىگەر ئازمۇ سېنىڭ قىلمىشلىرىڭ،
غادايغان بويلىرىڭنى سۇندۇرىمىز بەرمەي ئامان.
بۇ جاھان شۇنداق تۆرەلگەن: ياخشىلىققا ياخشىلىق،
ھەم يامانلىققا يامانلىقدۇر جاۋاب، بۇ ئىش ئايان.
زوراۋانلىق كۈنلىرىڭ كەتكەي، زاۋال يەتكەي ساڭا،
تاڭ سۆزۈك بولسا قاچار تۈن قاغىسى يوقتۇر گۇمان،

1945 - يىل

① ۋاژگۈن - تەتۈر، كاج
② تىرى - باران - ئوق ياغمۇرى
③ ستەمكار - زۇلۇم سالغۇچى

# ئۇ كىم بولىدۇ

كىم قەلەم تىغىنى ئىلكىمگە بېرىپ «چاپقىن» دېگەن؟
كىم ماڭا ئىلھام ئوقىنى تۇتقۇزۇپ «ئاتقىن» دېگەن؟
كىم «يۈرەكلەرگە سىڭىپ كىر، قان بولۇپ ئاققىن»
دېگەن؟
كىم «كۆڭۈللەرگە مېنىڭ مېھرىم ئوتىن ياققىن» دېگەن؟
ئەيلىگەن ئۈشبۇ خىتابىنى مېھرىبانىم ۋەتىنىم.

قايسى لەيلىدۇر مېنى ھىجرىدە مەجنۇن ئەيلىگەن؟
گۈلئۈزارىغا يۈرەك باغرىنى مەپتۇن ئەيلىگەن؟
ئىشقى ئوتىنى پۈتۈن ئۆمرۈمگە مەزمۇن ئەيلىگەن؟
ئەقلۇ ھۇشۇمنى يىغىپ ئىلكىدە تۇتقۇن ئەيلىگەن؟
بار ئاڭا بىرلا جاۋابىم — مېھرىبانىم ۋەتىنىم.

دائىما بىدار تۇرۇپ، كويۇڭدا بولماي غاپىلىك،
خىزمىتىڭدە ئۆمرۈم ئۆتكۈزسەم بولۇپ بىر چاكىرلىك.
بۇ شەرەپ بەسدۇر ماڭا بولسا ئەگەر شاد خاتىرلىك.
سايرىماقتىن توختىماس مەدھىيىڭدە مىسكىن شائىرلىك،
بۇ سۆزۈك جان بەرگۈسى نامىڭنى كۈيلەپ ۋەتىنىم.

1945 - يىل

## ئېگىلمە بېشىم

ئاتار بىزگىمۇ تاڭ غەم يېمە بېشىم،
باسقان قەدىمىڭدىن چېكىنمە بېشىم.
مۇشەققەت ئالدىدا يېڭىلمە بېشىم،
تەڭسىزلىككە ھەرگىز ئېگىلمە بېشىم،
كۆرەشتىن ھېچقاچان ئېرىنمە بېشىم.

تىرىشساڭ، كۆرەشسەڭ بولماستىن غاپىل،
كۆزلىگەن مەقسىتىڭ بولىدۇ ھاسىل.
قەدەم قوي ئۇلۇغۋار يول ئۈزرە دادىل،
ئادالەت يېڭىدۇ، يېڭىلمىز ئاخىر.
ھەققانىي مەۋقەدىن يۆتكەلمە بېشىم.

ھەق سۆزلۈك، ئاق يۈزلۈك ئۆتسۇن ھاياتىڭ،
تارىختا ئىز قويغىن، ئۆچمىسۇن ئاتىڭ،
ۋەتەنگە خىزمەت قىل، كۆرسەت سۇباتىڭ،
بۇ سېنىڭ ئۆزگەرمەس بولسۇن مەيدانىڭ،
مەيداندىن دالدىغا بېكىنمە بېشىم.

باش بولساڭ يىراقنى كۆرەرگە باش بول،
ۋەتەننىڭ ئىشقىدا كۆيگەن ئاتەش بول،
كىم ۋەتەنپەرۋەردۇر، ئاڭا يولداش بول،
دوستلارغا مۇلايىم، دۈشمەنگە تاش بول،
ئالغا باق، ئارقاڭغا قايرىلما بېشىم.

جاپالار تارتساڭمۇ، دەردكە قالساڭمۇ،
زارلانما زىنداندا يىللار ياتساڭمۇ.
دۇچ كېلىپ ئۆلۈمگە قانغا پاتساڭمۇ.
ئى سۆزۈك كۆيسەڭمۇ سۇدا ئاقساڭمۇ،
ۋەتەن سۆيگۈسىدىن ئايرىلما بېشىم.

١٩٥٦ - يىل

## ئىستىكىم

كېچىلەر كۆز يۇممىغان بىدارلەردۇر ئىستىكىم،
داغى ھىجراندىن سېرىق رۇخسارلەردۇر ئىستىكىم.
سەڭگى① كۆلپەتتىن دىلى سەدپارىلەردۇر ئىستىكىم،
يارى ھۆسنىگە كۆزى خۇمارىلەردۇر ئىستىكىم،
كوي جانانىدا تەلەپ دىدارلەردۇر ئىستىكىم.

كېچىسى تاڭ ئاتقىچە كۆك ئاسمانغا كۆز تىكىپ،
ئاندا يۇلتۇزلار بىلەن سۆھبەت قۇرۇپ، ئۆلپەت ئېيتىپ.

① سەڭگى - تاش

چەرخنىڭ① دەردۇ ئەلەم ئازابىدىن دەپتەر ئېچىپ،
گاھ كۈلۈپ ئاچچىق يۇتۇپ، گاھىدا ھەسرەتلەر چېكىپ،
داغى دىل شەرھىگە بۇ ئىزھارلەردۇر ئىستىكىم.

بىر گۈلى رەنا ئۈچۈن تارتىپ تىكەنلەر جەبرىنى،
ۋەسلى كوينىڭ چېكىپ كەلدىم مۇشەققەت رەنجىنى،
ھەرقاچان كۆڭلۈمدەدۇر ئەييامى نورۇزنىڭ غېمى،
بۇ سۆزۈك ئۈزمەس ئۈمىد، كۈتۈپ گۈلىستان
دەۋرىنى،
سۈنبۈلۈ رەيھان بويى گۈلزارلەردۇر ئىستىكىم.

١٩٤٥ - يىل

**ئەمگۈزارىمغا**

بولمائى غەمگۈزارىم تاقەتسىز،
كۆز يېشىڭنى قىلىشۇرمە ئەنھار②
بۇ دۇنيادا زىمىستان ھېسابسىز،
بىرغىنا ئەمما باھار.

خام خىيال قۇچىقىدىن تارتقىن باش،
تاشلا چۆرۈپ قۇرۇق خىياللارنى!

---

① چەرخ - ئاسمان
② ئەنھار - ئۆستەڭلار

قۇتقۇزالماس بىزنى تۆككەن ياش،
كۆرۈشۈپ ئاققۇزمىساق قانلارنى.
دەۋر بىزگە چالىدۇ سىگنال،
دەيدۇ: «كۆز ئاچ! ئويغىنىش ۋاقتى.
ھۆرلۈكۈڭنى قولغا ئال، قوزغال،
كەتتى ئەمدى قۇل بولۇش ۋاقتى».

دىلبىرىم سەن بىر نەزەر تاشلا!
ھەممە ياقنى قاپلىدى ۋولقان.
بىز ئىدۇققۇ تاڭغا كۆپ تەشنا،
بەردى تاڭدىن خۇش خەۋەر چولپان.

دەۋر چاقى توختىماي يۈرگەي،
قانلىق ئىزدىن گۈل - چېچەك ئۈنگەي.
بىزگە مەنسۇپ كېلەچەك شەكسىز،
تاڭ قۇياشى ئاقىۋەت كۈلگەي.

1948 - يىل

## سايرا دۇتارىم

پەرىشانلىقتا ئۆتتى شۇنچە ئۆمرىزىم، سايرا دۇتارىم.
ئېچىلماستىن گۈلۈم غەمكىنىدۇر كۆڭلۈم، سايرا دۇتارىم.
ھەممىشە دەرد - ئەلەملەر يۈتتى كۆكسۈم، سايرا دۇتارىم،
قولۇمدىن كەتتى بارلىق ئىختىيارىم، سايرا دۇتارىم.
مالامەت دىلىمدە كۆپ غۇبارىم، سايرا دۇتارىم.

قاراڭغۇ ئەيلىدى كۆزگە دىيارىمنى پەلەك چاقى،
ئىچۈنكىم چەكلىدى ھەر ئىختىيارىمنى پەلەك چاقى.
خازان قىلدى گۈزەل بۇ لالىزارىمنى پەلەك چاقى،
كۆزۈمدىن قىلدى غايىب گۈلئۈزارىمنى پەلەك چاقى!
سىمابتەك ياشلىرىمنى شۇنچە تۆكتۈم، سايرا دۇتارىم.

غەمۇ قايغۇ مۇڭلىرىمدىن سۆزلە ھەربارە،
ئۇزۇن تۈندە يۇمۇلماس كۆزلىرىمدىن سۆزلە ھەربارە،
نازۇك ھىس، ئارزۇ، سۆيگۈلىرىمدىن سۆزلە ھەربارە،
يوشۇرۇن سىرلىرىم، تۇيغۇلىرىمدىن سۆزلە ھەربارە.
تۈگىمەس دەرد-ئەلەملەر ئىچىدە چۆكتۈم، سايرا دۇتارىم.

جۇدالىق كۈلپىتىدىن قىل شىكايەت مۇڭلىنىپ سايرا،
سەن ھەم مەندەك پىراق ئوتىدا ئۆرتەن، تولغىنىپ سايرا،
بولۇپ ھەمرا مىنىڭ تۇيغۇلىرىمغا قايغۇرۇپ سايرا،
ھەمىشە مەن كەبى غەم-غۇسسەلەردىن قان يۇتۇپ
سايرا،
قۇسۇپ قان چىڭقىلىپ كۆكسۈم بوغۇلدۇم، سايرا
دۇتارىم.

يۈرەك تارىنى تىترەت، دىلدا نازۇك تۇيغۇنى ئويغات،
مۇھەببەتسىز كۆڭۈللەر ئىچىدە ئوت سال، سۆيگۈنى
ئويغات.

كۆز ئاچسۇن جانانىم، بۇ ئەسرى ئۇيقۇنى ئويغات،
لىۋىدە شاد تەبەسسۇم، غۇنچە يەڭلىغ پەر ئويغات.
سۆزۈك تاڭ جىلۋىسىگە قىل تەرەننۇم، ① سايرا دۇتارىم!

1949-يىل

## كۆزۈم

كۆككە مەيۈسلىك ئىچىدە مۆڭلىنىپ باققان كۆزۈم،
كىرپىكىمنى ئوق قىلىپ، ئاھى بىلەن ئاتقان كۆزۈم،
دائىما باش ئۇرنىغا قان ئۆركەشى ئاققان كۆزۈم،
دەردى پىنھانى ئىچىگە سىغمىغان، تاشقان كۆزۈم،
بەختۇ ئىقبالى قۇشى ئۇنى تاشلاپ قاچقان
كۆزۈم.

ئۆتمۈشۈڭ كۈلپەت بىلەن تۈندىن بەتەر بولغانىدى،
قىسمىتىڭ ھەيران قالارلىق ئاچچىق-زەھەر بولغانىدى.
بۇ ۋەتەن قوينى ساڭا بەلكىم خەتەر بولغانىدى،
بۇ چىمەن قوينى تىكەنزارلىقتا يەر بولغانىدى،
تاقىتى يەتمەي كۆرۈشكە ئۆزىنى ياپقان كۆزۈم.

تۈندە قالغانىتىڭ چىراغسىز، يوق ئىدى بىر خەيرىخاھ،
سورىغىلى ھالىڭنى بولسۇن قايدا ئادىل دادخاھ.
بار ئىدى ئۈستۈڭدە زالىم، قانغا تەشنا بارگاھ،

---

① تەرەننۇم — كۈيلىمەك.

بار ئىدى باسقان قەدەمدە شۇم تىكەن، قاراڭغۇ چاھ،
چاھ ئىچىدە بىر يورۇقلۇقنى كۈتۈپ ياتقان كۆزۈم.

ئاتتى تاڭ، كەتتى ۋەتەننىڭ ئۈستىدىن تۈن قاغىسى،
ئالدى قايغۇ-سەۋتى ① نىڭ ئورنىنى شادلىق نەغمىسى،
قىزىدى تارىختا تۈنجى مەررە ھۆرلۈك بەزمىسى،
چېچىلىپ ئۈستۈڭدە ئازادلىقنىڭ نۇرلۇق خەزىنىسى.
بەختىمدىن مەمنۇن بولۇپ مۇرادىغا قانغان كۆزۈم.

١٩٥٥- يىل

## سۆيگۈ ۋە ئەجداد

كۆكۈل بىر خەزىنە، بايلىقى سۆيگۈ،
سۆيگۈدۇر ئاھايەت نازۇك بىر تۇيغۇ.
سۆيگۈسىز كۆكۈللەر دېيىلمەس كۆكۈل،
بوشلۇق ئۇ، قاراڭغۇ، ئەسىرى ئۇيقۇ.

بۇ بوشلۇق قانداقمۇ تولاتتى ئەگەر،
ھېسسىيات، تەسەۋۋۇر بولمىسا سەندە،
ئاھانىڭ لاچىنى قاقمىسا قانات،
نېمىنى ياراتتىڭ پولات قەلەمدە.

① سەۋتى — ئاۋازى

نە ۋەتەن نە ئەلنىڭ بولاتتى غېمى،
نېمىدىن ياناتتى دىلىڭنىڭ شامى؟
سۆيگۈسىز ھاياتمۇ ئۆتىدۇ، ئەمما
قۇپقۇرۇق، مەناسىز ئۇنىڭ ھەردېمى.

ئىنسان قولى بىلەن پۈتكەن نەرسىدە
سۆيگۈنىڭ، ئەلۋەتتە، مۇھىمدۇر رولى.
سۆيگۈدىن نۇرلانغان ئىنسان ئەقلىدە
كامالەت تاپقاندۇر ئىجادنىڭ گۈلى.

1967 - يىل

## سۆيمەن ھىجرانى

گۈلى يوق باغ بولماس، تىكەنسىز ھېچ گۈل،
بولمايدۇ جاھاندا پىغانسىز بۇلبۇل.
يولۇم شۇ: جاپادىن تارتمايمەن باشنى،
بولمايمەن جاپاسىز، ئاسانغا مەشغۇل.
سۆيمەن ھىجراننى بولسىمۇ قىيىن،
بولىمەن جانانغا پىداكار، مەقبۇل.
كېچىمەن ۋاپاسىز ئاي يۈزلۈك گۈلدىن،
بولسىمۇ زىبا قەد، چاچلىرى سۈمبۈل.
سۆيگۈدە مۇقەددەس قانۇندۇر ۋاپا،
ۋاپاسىز كۆڭۈلدۇر، قاراڭغۇ كۆڭۈل.

1964 - يىل

## قارا قۇشقاچنىڭ سايرىشى

قارا قۇشقاچ، ئاۋازىڭنىڭ يېقىملىقى
جەلپ قىلدى، بولۇپ قالدىم ئاڭا شەيدا.
سۆزلە ماڭا پەرەندەنىڭ ئەقىللىقى،
بۇ ئاھاڭلار نەدىن كەلگەن بولۇپ پەيدا؟

گۈلدۈك رەختتە يېڭى كۆڭلەك كىيگەندەك،
ئۈنچىلەپتۇ سېنىڭ قانات-قۇيرۇقلىرىڭ.
پاتماي قاپتۇ جان تېنىڭگە زوق-ھەۋەستە،
نامايەندۇر ئەجەب بۈگۈن شوخلۇقلىرىڭ.

شوخلۇق قىلىپ دوراپ كەتتىڭ قوش ھەيدەشنى،
«چاق ئېگىرىپ» كۈلدۈرىسەن قېرى-ياشنى.
بىردەم تۇرۇپ ئىسقىرتىسەن، مىياۋلايسەن،
قايدىنغىنا ئۆگەنگەنسەن بۇ دوراشنى؟!
سايرا، سايرا! زوقلاندۇرۇپ ئەمگەكچىنى،
ئاۋازىڭدىن خۇشال قىلىپ كەتمەنچىنى.
گۈرسۈلدىتىپ كەتمەن چاپقان باتۇرلار بىز،
ئەمگەك سۆيىمىز، ياقتۇرمايمىز ئاق نانچىنى.

1971-يىل

١

## دەرد ئۈستىگە دەرد

(«بىر موقۇقدار» ئىلىق تەلىدىن)

بىردىن بىرى بەتتەر ئۆتمەكتە كۈنلەر تىزلىپ،
تارتىلىپ ھەر كۈن كۈرەشكە بىز ئۆتەرمىز قىيىنىلىپ.
يەلكىمىزدە كۆپ ئېغىر دەردۇ ئەلەمنىڭ يۈكلىرى،
بۇ ئېغىر يۈك ئۈستىگە يۈكلەرنى ئارتار ئاز بىلىپ.
رەھىمسىز بۇ روزكارنىڭ قاينىمىدا بېشىمىز،
كەتتى ئاپئاق تاغدىكى قار چوققىسىدەك ئاقىرىپ.
جۈت – شۇدىرغانلار بېسىپ، ھەر دەم بورانلار قوزغىلىپ،
بۆرىلەر ھوۋلاپ يۈرەر بىزنى يېمەككە قەست قىلىپ.
جان خەتەردە قالسىمۇ، دەھشەتلەر قاپساپ كەلسىمۇ،
بوشىماستىن شۇندىمۇ بىز تۇرىمىز كۆكرەك كېرىپ.
ئىنقىلاب يولىدا سىڭگەن ئەجرىمىزگە ھەر كۈنى،
تۇرىمىز بۇ «قەھرىمان» لاردىن ھەمىشە مۇشت ئېلىپ.
قالدىمۇ بىز كۆرمىگەن جەبرۇ مۇشەققەتتىن بىرى،
يەنە قانداق كۈن كېلۇر دەپ بىز قارايمىز كۆز سېلىپ.

1971 – يىل

## بۇلبۇلغا

بۇلبۇلۇم كەلدى سېنىڭ كۈتكەن باھارىڭ، سايرىغىن،
قاندۇرۇپ گۈل ھۆسنىگە چەشمە خۇمارىڭ، سايرىغىن.
بولدى ئاۋازىڭغا دىللار ئىنتىزارىڭ، سايرىغىن،
تىلدا يوق ئەمدى پەيچەت، بار ئىختىيارىڭ، سايرىغىن.
ئۆز دىيارىڭ، گۈلشىنىڭ، ئۆز مۇرغزارىڭ ①، سايرىغىن!

ئال سۈكۈت مۆھۈرىنى تىلدىن، سايرا ئەي شېرىن زابان!
دەۋر يارىڭدۇر سېنىڭ، ياگرات غەزەلنى شاددىمان!
ئەمدى خىلۋەتتىن ئۆزۈڭنى سەپكە ئال، قىلما گۇمان.
ئەيلە ئەركىنلىك ھاۋاسىدا ئېگىز پەرۋاز ھامان،
باغۇ گۈلزارىڭنى كۈيلەش ئىپتىخارىڭ، سايرىغىن!

ئۆتمىسۇن پۇرسەت يەنە ئەندىشە ئىچرە تۈگىلىپ،
كەتمىسۇن بەلكى ئىجادىيەت تۇغۇلماي كۆمۈلۈپ.
ئەمدى كۆز ئاچقىن ۋەتەندە كەتتى ئىشلار يۈكسىلىپ،
كونا رامكا، تارچىلىقلار ھەر قەدەمدە بۇزۇلۇپ.
مۇنبىرىڭ باردۇر مۇۋاپىق ئىنتىبارىڭ، سايرىغىن.

ئەمدى جىمجىتلىقنى قوي، بولسۇن راۋان سۆزگە تىلىڭ
كەتتى كۈلپەت يۈكى ئۈستۈڭدىن، راسا تىكلە بېلىڭ.

① مۇرغزارلىق ــ قۇشلار توپلاشقان جاي.

گەرچە تۆھمەتلەردە ئۆتتى خارلىنىپ ئۇنلاپ يىلىڭ،
ئۆرتىنىپ قەلبىڭ ئازابتىن قانغىمۇ تولدى دىلىڭ.
جۇت تۆكەپ، تۇتتى يەنە ئىشقى خۇمارىڭ، سايرىغىن!

كەلدى بىر سۆبھى سائادەت، كۆزنى سۆرت، يېشىڭ قۇرۇت.
باسمىسۇن كۆڭلۈڭنى زەڭ،① ئۆتكەنكى غەملەرنى ئۇنۇت.
ئورتىغا چىققىن، ناۋا قىل، سايرا، ئاۋازىڭ تونۇت،
پارتىيە سۆزىنى ئاڭلا، پارتىيە سۆزىنى تۇت.
ئەي سۆزۈك كومپارتىيە چىن غەمگۇزارىڭ، سايرىغىن!

1980-يىل

## گۈل ئىشقىدا

بۇلبۇل ئىدىم خالى ئىدىم قەپەزدىن،
سايرار ئىدىم تىنىماي زوقى، ھەۋەستىن.
قونار ئىدىم ئۇچۇپ گۈلنىڭ ئۈستىدە،
ئاشىق ئىدىم چۈنكى ئۇنىڭ ھۆسنىدە.
غەم ـ غۇسسەدىن يىراق ئىدىم كۆڭلۈم شاد،
نۇرغۇن قىسسە ـ داستان ئىدى ماڭا ياد.

---

① زەڭ ـ دات

ئۆمرۈم شۇنداق بولغان ئىدى راۋانە،
گۈل ئىشقىدا كۆيگەن ئىدىم پەرۋانە.
جىنايەت دەپ قاراپ يۈرەك سۆزۈمنى،
تار قەپەزگە بەنت قىلدى ئۆزۈمنى.
قىلىپ تۆھمەت، كۆكسۈم ئۈزرە تاش ئاتتى،
سۆيگۈنۈمدىن جۇدا قىلدى، قاقشاتتى.
شۇنداقتىمۇ تىنماي قىلدىم مەن ناۋا.
گەرچە زىندان بولغاندىمۇ بەد ھاۋا.
يىللار ئۆتتى، ئەلنىڭ قەھرى ئوت بولۇپ،
قىلدى كۈرەش، كۆيدى قەپەز كۈل بولۇپ،
قۇتۇلدۇم مەن تار قەپەزنىڭ ئىچىدىن،
ئورۇن ئالدىم ئىجادكارلار سېپىدىن.
سايراش زوقى يەنە تولدى دىلىمغا،
چۈنكى سىڭگەن گۈلنىڭ ئىشقى قېنىمغا.

1979-يىل

## تاپتىم

پىغانىم كەتتى كۆڭلۈمدىن، يورۇق، كەڭ بىر زامان
تاپتىم،
يۇتۇم سىزغا ئەجەب تەشنا ئىدىم، ئابى راۋان تاپتىم.
ئەجەب خامۇش ئىدىم گۈيا تىلى يوق گاچىغا ئوخشاش،
بۈگۈن ناتىق بولۇپ بۇلبۇل كەبى ئەركىن زابان تاپتىم.

ئىلدىم قايغۇدا، جەمئىيەت ئىچىدە ھېچ پاناھىم يوق،
بۈگۈن بۇ دەۋرنى بەس، مەن ئۆزۈمگە مېھرىبان تاپتىم.
ئەمەس يالغۇز بۇ دەۋران قوينىدا ئازادە بولغان مەن،
ئۆزۈمدەك شادۇ خۇراملارنى مىڭ ـ مىليونلىغان تاپتىم.
نېچۈك شاد بولمىسۇن كۆڭلۈم، كىشەنلەردىن خالاس
تۇرسام،
بۈگۈن كومپارتىيە قەددىمنى رۇسلاپ، قايتا جان تاپتىم.
يېشىم ئاتمىشتىن ئۆتكەن بولسىمۇ غەيرەتلىرىم ئۇرغۇپ،
سۆزۈك ئەل خىزمىتىدە مەن ئۆزۈمنى نەۋجىۋان تاپتىم.

1950-يىل

## ھايات قانۇنى

كىم ئىرىشچاندۇر تاپار روناق بۇ قانۇنى ھايات،
كىم ھورۇن بولسا ئەگەر، بولغاي سائادەت ئاڭا يات.
كىم مۇشەققەتسىز تىلەر بەخت، تاپمىغاي ھەرگىز ئۇنى،
«ئۇچە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ تەلمۈرۈپ كۈتمەك
ئۇيات.
ئەمگەكلىك بىلەن ياشا، «تەييار غەنىيمەت» ئىزلىمە،
ئەمگەكلىك بىلەن يارالغان لوقمادۇر قەندۇ ناۋات.
ساقلا ئىنسانى شەرەپنى چىن ئەگەر بولساڭ كىشى.
ئۆز قولۇڭ بىلەن گۈل ئۈندۈر، تەر تۆكۈپ قىل
ئىجتىھات.

يۈگۈرۈپ ئاسانغا-تەييار ئىگە بولماق ئۈچۈن،
باشقىلارنىڭ مېۋىسىگە كۆز قىزارتما، بولما مات.
كىرمە ئەي دوستۇم ئىجازەتسىز بىراۋنىڭ بېغىغا.
ھېچ ئىجازەت كەمكى باغقا كىرسە ئالغاي ئوغرى ئات،
ئەي سۆزۈك قىلما تاجاۋۇز غەيرىنىڭ ھەققىگە سەن،
ئۆز كۈچۈڭ، ئۆز ئىقتىدارىڭ بىلەن قىل ئىجاد.

1981-يىل

## ۋاقىتنىڭ قەدرىگە يەت

بىر مىنۇت ئۆتسە، ئورۇنلۇق كۆڭلى كۆكسۈڭ باغ بولۇر،
شۇ ئەزىز پۇرسەت ئۆزىنىڭ قەدرىگە ئورتاق بولۇر.
ئوقۇ، ھەرىكەت قىل، ئەگەردە بولسا سەندە ئەقلۇ ھوش،
توختىغان سۇدەك سېسىپ ياتما بىكار ئازگالدا بوش.
ۋاقىت بىرلە ئۆرە بولغاي تاغلارچە ئىش كۆتۈرۈپ،
كىم ھۇرۇن بولسا قويار ئۆز ۋاقتىنى بوش كەتكۈزۈپ.
ئۆتكۈزۈپ بىھۇدە پۇرسەتنى ئېچىنسالىڭ ئاقىۋەت،
كۈلكىلىك بىر ئىش ئىرور، بەس، پايدىسى يوقتۇر پەقەت.
كۆل بولار ئاز-ئازلا تامغان تامچىلاردىن-قەترەدىن،
بىر گۈزەل داستان يارالغاي پارچە-پارچە سەتىردىن①

① سەتىر — قۇر، مىسرا.

بولمىسا تۆھپەڭ ئەگەر ياد ئەيلىگەيمۇ جەمئىيەت،
قوي جامائەت پايدىسىغا يادىكار، بول ئاق نىيەت.

1981 — يىل

## ئۇستازىمغا

ئىدىم بىر تاختا ئاق قەغەز، يېزىپ خەت، نەچچە قۇر، سالدىڭ.
قاراڭغۇلۇقتا قالغان چاغ ئىدىم، كۆڭلۈمگە نۇر سالدىڭ.
بېرىپ تەربىيە ھارماستىن تىرىشتىڭ سەن ھەقىقەتنى،
كۆڭۈلدە ساقلىدىم بەرگەن ساۋاقلارنى-ۋەسىيەتنى.
ئۇرۇق تىكتىڭ دىلىمغا، بىخ ئۇرۇپ ئۈندى گۈزەل غايە،
يېتىشتىم ئەلگە ئۆز خىزمەتلىرىمدىن سالغىلى سايە.
تونۇتتۇڭ سەن ۋەتەن تارىخىنى قەلبىمنى ئويغاتتىڭ.
يۈرەك-باغرىمغا يۇرتۇمنىڭ ئۇلۇغ مېھرىنى ئورناتتىڭ.
بېرىپ تەربىيە قۇتقازدىڭ جاھالەت دېگەن ئىللەتتىن.
خالاس قىلدىڭ خۇراپات رەنجىرىدىن ئۇيقۇ-غەپلەتتىن.
بولۇپ روھىي ئەسىرلىك زەنجىرىدىن مەن بۈگۈن ئازاد،
بولۇپ قالدىم ئۆزىنىڭ شېرىنى بار تاغ كېسەر پەرھاد.
تالاي شاگىرت يېتىشتۈرگەن بۈيۈك ئەجرىڭگە مىڭ رەھمەت،
سۆزۈك كۆڭلۈمدە داغ قالدى جاھاندىن ئەيلىدىڭ ھىجرەت.

1981 — يىل

## دوستۇم سەن تارىخ

ئەي تارىخ شەرھىلەپ يەشتىڭ تۈگۈننى،
تونۇتتۇڭ ئۆتكەننى ۋە ھەم بۈگۈننى.
سەن مېنىڭ مەھرەمى ئەسرارىم بولدۇڭ،
بەردىم مەن ئىزلىگەن، پۈتۈن كۆڭلۈمنى.

بۇلبۇلدەك سايراپ مېنى ئويغىتىپ،
غەپلەتتىن كۆزۈمنى ئەيلىدىڭ بىدار.
ھىجراندا يۈرەكنى قوزغاپ، ئوينىتىپ،
قاناتسىز ئىدىم مەن ئەيلىدىڭ شۇڭقار.

كۆڭلۈمنى قاندۇردۇڭ بۇلاقتەك ئۇرغۇپ،
سۇ ئىچتى شۇ تەشنا كۆڭلۈم ئىلكىڭدىن.
ئۆتمۈشنى بىلمەيتتىم، قويدۇڭ تونۇتۇپ.
ھەقىقىي ئەھۋالنى سۆزلەپ تىلىڭدىن.

سەن بولۇپ راست سۆزلۈك ئايرىلماس دوستۇم،
تۆكتۈڭ سەن تىلىڭدىن ھەقىقىي ئەسرار.
شۇ نادان كۆڭلۈمگە ھېكمەت تولدۇرۇپ،
ئۆتمۈشتىن سەن ئۇنى قىلدىڭ خەۋەردار.

يىل — 1982

# تارىخ

ئۆتمۈشىمىزگە گۇۋاھ بولغان ئۇلۇغ تارىخ،
كەلگۈسىگە يول كۆرسەتكەن يورۇق تارىخ،
ئېچىپ تاشلاپ تىلسىماتلار ئەسرارىنى،
ئايدىڭ قىلغان قاراڭغۇنى نۇرلۇق تارىخ.
ھەقىقەتنى سۆزلەپ بەرگەن سادىق ئۇستاز،
جۈملىسىنىڭ قەدرى زەردىن ئارتۇق تارىخ.
ئاندا ئاچچىق ساۋاقلارنىڭ خۇلاسىسى،
كۆرسىتىلگەن ھەممە بىر-بىر تولۇق تارىخ،
بىلمەس ئىدۇق كىملىكىنى بىز تونۇۋالدۇق،
تاپتۇق پارلاق سەھىپىدىن ئۇتۇق تارىخ،
قورال بولدۇڭ، كۈچلۈك قىلدىڭ كۈچسىزلەرنى،
بولدۇڭ ماغدۇر ئەي مەنىۋى ئوزۇق تارىخ.
قايسى مىللەت ئۆز تارىخىنى بىلسە ئەگەر،
تونۇغۇسى ئۆز ھەققىنى ئوچۇق تارىخ.
قايسى مىللەت بىلمەس ئۇرۇق-ئەجدادىنى،
بوزەك بولۇپ قالۇر ياقا يىرتىق تارىخ.
بۇرمىلىسا ھەركىم سېنى يۇمۇپ كۆزىن،
كىرسۇن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قوزۇق تارىخ،
تەشنا ئىدۇق ھەقىقەتكە سىراب① قىلدىڭ،
قاندۇق سەندىن ئابى راۋان سۈزۈك تارىخ!

1981 — يىل

① سىراب — قاندۇرۇش

## كەكلىك بىلەن قاغا

(مەسەل)

بار ئىدى كەكلىك، قەدەم تاشلاپ يۈرەتتى چىلغىدا،
يورغىلاپ نازۇكتىنا، ئاغزى بىسىلماي كۈلكىدە.
ئۇ تەبىئەت قۇچىقىدا ئەرك بىلەن يايرار ئىدى،
تاغۇ تاشلارغا جاراڭلىق كۈلكىسى ياڭرار ئىدى.
بىر كۈنى كۆردى ئۆزىنىڭ ئارقىسىدا ناگاھان،
بىر قارا مەخلۇق ئۇنى دوراپ يۈرەتتى ھەر قايان.
دېدى: «كىمسەن، مېنى دوراپ مۇندا يۈرگەن ئەي قارا؟
قايسى مەقسەت بىلەن كەلدىڭ سەن بۈگۈن بۇ تاغ ئارا؟»
دېدى: «مەن پەررەندە جىنسىدىن، ئېتىم قاغا بولۇر.
مەن ئەمەس يۈچۈن كىشى، بەلكى مېنى ھەممە تونۇر.
مەن سېنىڭ گۈزەل سىياقىڭنى كۆرۈپ بولدۇم ئەسىر،
بۇ چىرايلىق يۈرۈشۈڭنى ئۆگىنىشكە مۇنتەزىر»
دېدى كەكلىك قاغىغا: «ئاۋارە بولما ئەي نادان،
كەلمىگەي بۇ ئىشنى ئۆگەنمەك قولۇڭدىن ھېچقاچان.
يارىشىملىق قەھقەلەر ئەيلەپ بۇخىل كۈلمەك ماڭا،
تۇغما دۇر مۇنداق چىرايلىق يورغىلاپ يۈرمەك ماڭا»
كۆنمىدى بۇ سۆزگە قاغا ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپ،
چۈشتى كەكلىك يۈرۈشىنى ئۆگىنىشكە يەڭ تۈرۈپ.
قاغا كەكلىكتىن ئۆگەنمەكنى ئاسان قىلدى گۇمان،
ئارىدىن ئۆتتى بۇ سەۋدالار بىلەن نەچچە زامان.

قاغا ئەستى يۈرۈشنى ئۇنۇتۇپ قولدىن بېرىپ،
ئۆگىنەلمەي قالدى كەكلىك يۈرۈشنى ھېچ بىلمىسپ.
كىم قولىدىن كەلمىگەن بۇ ئىشقا ھەرىكەت ئەيلىگەي،
ئاقىۋەت بۇ قاغىدەك ھەسرەت،نادامەت ئەيلىگەي.

1981 — يىل

## مەرسىيە

(ۋاپات بولۇپ كەتكەن دوستۇم شائىر ئابدۇغىنى ھەجرانىغا
بېغىشلايمەن)

1

كەتتىڭمۇ ئالەمدىن مەڭگۈلۈك ئۆچۈپ،
ئەجەلنىڭ جامىنى ۋاقىتسىز يۇتۇپ؟
ھاياتنىڭ شامىنى ئۆچۈردىمۇ يەل،
ئالدىمۇ يورۇقنى كۆزۈڭدىن ئەجەل؟
ئوي - پىكىر قىلىشتىن توختىدىڭمۇ سەن؟
ئويغانماس ئۇيقۇدا ئۇخلىدىڭمۇ سەن؟
قامىتىڭ رەناسى قىلمايدۇ ھەرىكەت،
نېمە بولدى، لەۋلىرىڭ تەۋرىمەس پەقەت.
ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ راستمۇ ئۆلگىنىڭ،
ھەرىكەتسىز قالدىمۇ دەردمەن يۈرىكىڭ.
بۇلبۇلدەك سايراشتىن توختاتتىڭ ئېغىز،
تۆكۈلمەس ئۇنىڭدىن شېكەر ھەم مېغىز.

ئاچساڭچۇ كۆزۈڭنى دوستۇم ئۇيقۇدىن،
ئىزتىراپ ئىچىدە قالدىم قايغۇدىن.
ئۆچتىڭمۇ گۈلخەنىم، يېنىپ تۇراتتىڭ،
سولدۇڭمۇ گۈلشەنىم، كۈلۈپ تۇراتتىڭ.
ئەجەلنىڭ قۇزغۇنى ئالدىمۇ سېنى؟
بىر تەختىراۋانغا سالدىمۇ سېنى؟
لېۋىڭدىن تۆكۈلگەچكە يەنە ئۈنچىلەر.
نېمانچە خامۇش سەن بۈگۈن شۇنچىلا؟
نىڭ خەنجەردىن قولىغا ئالساڭچۇ،
ەنىڭ كۆكسىگە سېلىپ بارساڭچۇ.
رۇپ دوستلارنى، ئىنتىزارلىقنى.
گەچۇ جاراڭلىق يەنە سازىڭنى،

2

«ھىجرانى» نام بىلەن ھەممىگە تونۇش،
ۋەتەنگە سادىق بىر ئوغلانىدىڭ.
مەرىپەت دېڭىزىدا غۇلاچلاپ ئۈزگەن،
تەپەككۇر گۈلشەنى گۈلىستانىدىڭ.
كۈيلەر ئىدىڭ ۋەتەن ئەلنى سۆيۈنۈپ — شام
گوياكى بۇلبۇلدەك ياڭرىتىپ مۇقام.
ئىلھامىڭ خۇددى بىر بۇلاق ئىدى،
ۋىجدانىڭ غۇبارسىز بىر گۆھەر ئىدى.
ئەپسۇسكى نەۋقىران چېغىڭدا بوران،
شېخىڭنى سۇندۇرۇپ ئەيلىدى خازان.

ھاياتىڭ چىرىغىنى ئۆچۈردى رەقىب،
ئالماندا كەتتىڭ سەن ھەسرەتلەر چېكىپ.

3

سەن كەتتىڭ كەتمەيدۇ ئىشىڭ بىھۇدە،
ئەكس ئېتەر ئەمگىكىڭ ئۇندۇرگەن گۈلدە.
كۆزلىرىڭ يۇمۇلسۇن، بولغىن خاتىرجەم،
باسىمىز يولۇڭدا يادلاپ سېنى دەم.
تەلپۈنۈپ يورۇققا بولغان ئىدىڭ زار،
تاڭ يورۇپ بولماقتا زۇلمەت تارمار.
ئەنە كۆك ئاسماندا قۇياش نۇر چاچتى،
سەن نەپرەت ئەيلىگەن بۇلۇتلار قاچتى.
ئاپەتلىك يىللارنىڭ قۇربانى تىنچ يات!
ئاپەتلەر ئىزىم بولدى، قۇتۇلدى ھايات،
ئىستىكىڭ ئەمەلدە بولماقتا جارى،
پارتىيە بولغاچقا ھەق ئىشنىڭ يارى.

[illegible] - 1982

## تارىخ

مارجاندەك تىزىلىپ كۈنلەر ئۆتىدۇ،
شۇ كۈنلەر تارىخنى قىلىدۇ ھاسىل.
ئۆمۈرنىڭ يوپۇرمىقىنى يەرگە تۆكىدۇ،
ۋە لېكىن كۆكلەيدۇ ئۈزۈلمەي نەسىل.

كارۋاندەك قاتنايدۇ ئەزەلدىن ئەبەد،
بىپەرۋا، رەھىمسىز، توختاۋسىز دەملەر.
يولىدىن توسۇشقا كىمدە بولسۇن ھەد،
ئېغىر يۈك كۆتۈرۈپ باسار قەدەملەر.

تارىخنىڭ ئىجادكار قوشۇنى ئادەم،
تارىخنى ياراتقان شۇ ئادەم قولى.
تارىخنىڭ چېكىسىگە قىستۇرۇلغان گۈل،
ئىجادىي مېھنەتنىڭ توزۇماس گۈلى.

مۇقەررەر ھادىسە قېرىش ھەم ئۆلۈش،
نائىلاج بولارسەن بۇلارغا دۇچار.
ۋە لېكىن ۋاقىتنى قانداق ئۆتكۈزۈش،
بۇ سېنىڭ ئىلكىڭدە بولغان ئىختىيار.

ۋاقىتنى قويما بوش، دۇنيادا قالدۇر،
ئىجادىي مېھنەتتىن توزۇماس گۈلزار.
ئۆلگەنلەر قاتارى ھېسابلانمايدۇ،
ھەر كىمدىن جاھاندا قالسا يادىكار.

جىرىڭلاپ ئۆتىدۇ تارىخ كارۋىنى،
بويىنىغا يادىكار تۇمارىڭنى ئاس.
لېپمۇ لېپ تولدۇرۇپ قەدەھنى سۈزۈك
زوق بىلەن سۈمۈرۈپ خۇمارىڭنى باس.

1987 - يىل

## كونا زامان ئەسكە چۈشسە

كونا زامان ئەسكە چۈشسە چۆمۈلىمەن ھەيرانلىققا،
ئۇ چاغلاردا چۈنكى بۇ يۇرت تولغانىدى ۋەيرانلىققا.
بىزنى ياتلار خارلار ئىدى قوغلاپ يۇرتتىن سەرسانلىققا،
قويغانىدى كۆز ئاچقۇزماي ئەللەي ئېيتىپ نادانلىققا.
لەنەت شۇنداق مۇدھىشلىك، قاراڭغۇلۇق تار زامانغا!

نە بىر گېزىت نە مەكتەپ يوق، نە بىر كۇلۇب، شىپاخانا،
يېڭىلىققا كىم تەرەپدار بولسا جايى گۇندىخانا.
ئوقۇتالماي ئەۋلادلارنى قان يۇتاتتى ئاتا - ئانا،
ھېچ يوق ئىدى مەزلۇملەرگە ئۇ زاماندا پۇشتۇ پاناھ،
كۈن يوق ئىدى زادى - زادى ھەر ئاق كۆڭۈل ۋىجدانلىققا.

باھارسىز ئۆرنىن ئالغان ئۇ زاماندا قەھرىتان،
ئاۋاتچىلىق كۆرمەي ئۆتكەن ئىدى بىزنىڭ خانىمان.
تىلدا پىغان، دىلدا قايغۇ، ھەسرەت ئىدى كۆزدە قان،
شۇنداق كۈلپەت چېكىپ ئۆتتۇق دوزاخ ئىدى ئۇ زامان،
زوراۋانلار ھېيت ئوينىسا مەھكۇم ئىدۇق قۇربانلىققا.

ھەر بىر جايدا ئەپيۈنكەشلىك، گۆرەكەشلىك جارى ئىدى،
ھەر بىر بۇزۇق ئىشىكۇشلەرنىڭ ئامبال - دوتەي يارى ئىدى.
ئىلىم - بىلىم، مەدەنىيەت بىلەن كىمنىڭ كارى ئىدى،
ھەر تاماندا مەزلۇملارنىڭ پىغان بىلەن زارى ئىدى،
مەشغۇل ئىدى ئۇزۇن تىرناق، خې موزىلار ياماللىققا!

يېڭىلىقتا كىم تەشەببۇس قىلسا ئۇنى جەددىي دەپ،
چەتكە قېقىپ چوقۇلاتتى بولشېۋىكنىڭ مۇرىتى دەپ.
تۆۋلاقلىنىپ قالغانىدى ئەل ئاغزىدا ھەر توغرا گەپ،
توقام كىتاب پەتىۋاسىچە گۇناھ ئىدى ئىلغار تەلەپ،
تېپىلمايتتى مەرىپەتنىڭ گىياسىدىن دەرمانلىقتا!

بالا ئىدىم ئۇ چاغلاردا كۆزى خىرە، نادان ئۆسەر،
چوڭمۇ بولدۇم شۇ كەمگىچە ياشاپ كۆردۈم خېلى ئۆمۈر.
ئۆركەشلىنىپ، دولقۇن ياساپ ئۆتتى مانا قانچە دەۋر،
تارىخ چاقى ئالغا باستى توسىيالمىدى ئۇنى ھېچبىر.
چوڭ ۋە كىچىك توسالغۇلار مەھكۇم بولۇپ گۇمرانلىقتا!

كومپارتىيە دەۋرى كېلىپ ئەلنى دەردتىن قۇتۇلدۇردى،
پەن - مائارىپ باغچىسىدا سولماس گۈللەر ئېچىلدۇردى،
قاقشال بولغان نىمجانلارغا جان كىرگۈزدى تىرىلدۇردى،
بەختىمىزنى ئېلكىمىزگە بەردى، بىزگە ئېگىلدۇردى،
پارتىيىگە ئاپىرىن دەر شائىر چۆمۈپ خۇشاللىقتا.

1982 - يىل

# مەرسىيە

(ئەخمەتجان قاسىمغە بېغىشلايمەن)

ئۇستازىم كۆز يۇمۇپ قەبرەڭدە تىنچ يات،
غايەڭگە سادىقتۇر مىليونلاپ ئەۋلاد.
ئۆلمەيسەن ھېچقاچان ئۆلۈم ساڭا يات،
ئوبرازىڭ دىللاردا ئەبەدىي ھايات!

سەن كەتتىڭ ۋەلېكىن قالدى يادىكار.
ۋەتەنگە كۆرسەتكەن تارىخىي تۆھپەڭ،
تىكلىمەك بولغانتىڭ مۇنداق نەۋ باھار.
قىزچىقى گۈللەرگە پۈركەنگەن كۆركەم.

ئەپسۇسكى ئۆمرۈڭنىڭ رىشتىسىن كەستى،
شۇم ئەجەل جاللاتى بىزگە سالدى غەم.
ۋەتەنىڭ كۆكسىنى بۇلۇتلار كەستى،
دىلغا غەم، كۆزگە ياش تولدى ئۇشۇ دەم.

سەن كەتتىڭ ۋەلېكىن ياندۇرغان ئوت
دىللاردا لاۋۇلداپ، يالقۇنجاپ تۇرار.
ھېچقاچان تارىختا ئۇنتۇلمايسەن سەن،
شەرەپلىك ئەرباب سەن مىللىي ئىپتىخار.

بىئارام بولماي يات، تىنچ كۆز يۇمۇپ،
تەربىيەڭ ئەس كۆڭۈلدە، ئەستە ۋەسىيەت.
غايەڭدىن كۆڭۈللەر بولدى نەقىشكار،
بۇ غايە كۆڭۈللەردىن ئۆچمەيدۇ پەقەت.

يۇيالماس يامغۇرلار، قىرالماس بوران،
تەسىرىڭ ئىزىنى، ئىزىنىڭ سىنەدىن.
كۆرىدۇ زىيادە سېنىڭ نامىڭنى،
ئەۋلادىڭ ئۆزىنىڭ ئەزىز جېنىدىن.

نىل رەڭ گۈمبەز بار تاكى جايىدا،
نامىڭنى ئۇنۇتماس سېنىڭ بۇ ئەۋلاد.
ياشايدۇ ئوبرازىڭ يۈرەك قېتىدا،
ياشايدۇ ئەخمەتجان دېگەن ئەزىز ئات.

1982 - يىل

## ئېيتقان ئىدىڭ، ئەي كۆڭۈل

«بىلمەسەڭ چۈشەر يېرىڭنى، ئۇچما ھەر يان ئەي كۆڭۈل»
قىلمىدىڭ ھەرگىز قوبۇل بۇ سۆزنى، نادان ئەي كۆڭۈل،
نە ئۈچۈن بولدۇڭ بۇ يەڭلىغ ئەمدى ۋەيران ئەي كۆڭۈل.
قايسى دەرد باغرىڭنى قىلدى قاتمۇ قات ئەي كۆڭۈل،

قايسى ئاتەشتە كۆيۈپ سەن مۇنچە بەريان① ئەي كۆڭۈل

سەن بۇرۇن گۈلزار ئارا ياشناپ ئېچىلغان گۈل ئىدىڭ،
شاخمۇ شاخ پەرۋاز قىلىپ سايرايدىغان بۇلبۇل ئىدىڭ.
ھېچ تۇرالمايتتىڭ يېرىڭدە چاپچىغان دۇلدۇل ئىدىڭ،
بەزم-سۆھبەتلەردە ناتىق-سۆزلىرى مەقبۇل ئىدىڭ.
ئەمدى يوقمۇ ئوخشىقىڭ، ھالىڭ پەرىشان ئەي كۆڭۈل.

باشىرىڭ يەرگە چۈشۈپتۇ ساڭگىلاپ، رەڭگىڭ سۇنۇق.
نە ئۈچۈن بولدۇڭ بۈگۈنكى كۈندە مۇنچە قايغۇلۇق،
ئەيلە ئەسرارىڭنى ئاشكارا، سەرگۈزەشتىڭنى ئوچۇق.
سۆزلە بۇ دوستۇڭغا ئەمدى ئۆز غېمىڭنى سەن تولۇق،
يولۇقۇپ قانداق بالاغا چەكتىڭ ھىجران، ئەي كۆڭۈل.

سەن دەگەر پەرھاد كەبى بىر ئايىنەگە ئۈچرىدىڭ.
ياكى يۈسۈپتەك سېتىلدىڭ-قاپىلە ①دە ئۈچرىدىڭ،
ياكى ئېيتقىن قايسى دەردى بىدەۋاگە ئۈچرىدىڭ،
ئويلىماي ئۇچقانلىقىڭدىن بۇ بالاگە ئۈچرىدىڭ.
ئەزگەي ھەر قانچە بولساڭ ئەمدى نالان ئەي كۆڭۈل،

1982 - يىل

① بەريان - كاۋاپ.
② قاپىلە - كارۋان.

# كەتسە

تەبىئەت قانۇنىدۇر ـ كەتكۈسى ھەركىم قاچان كەتسە،
ئەجەب بۇدۇركى نامى ياخشى چىقماستىن يامان كەتسە.
ئەگەر بىر ياخشى زات ئۆلسە ـ تۇتار ئەل قايغۇرۇپ
ماتەم،
خۇشاللىقلار قىلۇر ئەمما چىقىمچى بىر چايان كەتسە.
جاھاندىن ئۆتسە بىر ئادەم ۋەتەننى، خەلقنى ئويلاپ،
كۆمۈلمەس نامى تارىختا ئەگەر قانچە زامان كەتسە.
ھەقىقەت يولىدا ھەركىم بولۇقسا قارا كۈنلەرگە،
ۋاقىتلىقتۇر بوران ـ چاپقۇن، سۈزۈلگەي كۈن ـ بوران
كەتسە.

تۆكۈپ تەر بەلكى قان يۇتسا ـ ئادالەت قوغداپ ھەركىم،
قاچان زايا بولۇر ئەجرى، ئېچىلغاي غۇنچە قان كەتسە.
ئۇزۇن يىللىق ھاياتىڭدىن ساۋاقلار ئال، ئېچىل ئەي
كۆز،
بولۇر ئاسىيلىق ـ ئۆتكەن كۈن ئېسىڭدىن ناگىھان ①
كەتسە،

1982 - يىل

① ناگىھان - تۇيۇقسىز

# موماي بىلەن قىز

1

ئۆتكەنكەن تەدىمكى چاغدا بىر موماي،
كۆپ ئۇزۇن ياشىغان تەجرىبىگە باي.
بار ئىكەن بىرگىنە سۆيۈملۈك قىزى،
دۇنيادا قالدۇرغان يادىكار ئىزى.
بۇ قىزنىڭ ئىسمىنى ئاتاركەن بەختى،
چىرايى جايىدا، يېتەرلىك ئەقلى.
مومايىنىڭ كۆزىگە نۇر ئىكەن بۇ قىز،
سۇمبۇل چاچ، ئاي يۈزلۈك، يېشى ئون سەككىز.
«قوزام»[1] دەپ بۇ قىزنىڭ سىلاپ باش-كۆزىن،
كۆڭلىرى ئۆتەركەن شاد قىلىپ ئۆزىن.
مومايىنىڭ ئامرىقى بولغان شۇ گۈزەل،
تۇماتتىن بىر كۈنى بولۇپتۇ كېسەل.
پەرىشان هالەتكە چۈشۈپتۇ موماي،
ئۆتەركەن كۆزىنىڭ يېشى قۇرىماي.
قولىدىن كەلگەنچە قىپتۇ چارىسىنى
ساقايتىپ بولالماپتۇ جىگەر پارىسىنى.
سەهەرلەر تەڭرىگە قىپتۇ مۇناجات،
دەپتۇ ئۇ: «دۇ غەمدىن ماڭا بەر نىجات

بۇ غۇنچەم ئېچىلماي توزۇپ كېتەرمۇ؟
قىزىمنى شۇم ئەجەل ئېلىپ كېتەرمۇ؟
كۆپ ئۇزۇن ياشىدىم قالمىدى ھەققىم،
دۇنيادىن يانارغا يېتىپتۇر ۋاقتىم.
قىز قالسۇن مەن كېتەي قىزىمنىڭ ئورنىدا،
قىزىمغا ئامانلىق بەرگىن ئەي خۇدا!
بۇ قېرى قۇلۇڭنىڭ ھالىغا يەتكىن.
خۇدايا تىلەكىنى ئىجاۋەت ئەتكىن»
زار-زار يىغلاپتۇ موماي شۇ يوسۇن،
كۆزىدىن ئاققۇزۇپ ياش ئورنىغا خۇن.

**2**

ناگىھان بىر كۈنى مۇنداق ھادىسە،
يۈز بېرىپ مومايغا ساپتۇ ۋەسۋەسە.
بوشانغان بىر كالا كىرىپ ھويلىغا،
يېمەكلىك ھىد بۇيى پۇراپ بۇرنىغا.
ئوچاقتا ئېسىقلىق تۇراركەن قازان،
ئۇنىڭغا بېشىنى تىقىپتۇ شۇ ئان.
مۈڭگۈزى بەنت بولۇپ قازان ئىچىگە،
كۆتۈرۈپ يۈرۈپتۇ مۈڭگۈز ئۈستىگە.
ھويلىنى كېزىپتۇ قىلىپ پاتپاراق،
بوپتۇ بىر ئاجايىپ كۈتۈلمىگەن چاتاق.
شۇ زامان چىقىپتۇ موماي تاشقىرى،

بولمىغان بۇنىڭدەك ۋەقە ئىلگىرى.
كالىنى ئەزرائىل قىپتۇ ئۇ گۇمان،
بۇ دەھشەت ئاستىدا تارتىپتۇ پىغان.
ھوشىنى يىغىپتۇ موماي ئىلكىدىن،
تىترەشكە باشلاپتۇ جانىنىڭ ۋەھىمىدىن.
دەپتۇ: «ئى ئەزرائىل يوقتۇر ئاغرىقىم،
بۇياقتا يېتىپتۇ ئاغرىغان قىزىم.»
قىزىنى كۆرسىتىپ قىپتۇ ئىشارەت
«ئۇنى ئال، مېنى قوي، تىنىم سالامەت.»

3

ئاسانمەس جانان دەپ جاندىن كەچمەكلىك،
ئاش ناۋىقىن سۇنۇپ رۇش-ناندىن كەچمەكلىك.
پالۋان كۆپ ئاغزىدا شەھەرلەر ئالغان،
مەيداندا كۆز بىلەن كۆرمىسەڭ يالغان.
بەزىلەر كۆرۈنگەن بىلەن سۇباتلىق،
پەيت كەلگەن چاغلاردا دېگەي: جان تاتلىق.
بىر مىسال قالدۇرغان ئەجداتلار سۆزۈك،
مەردلەرنى مەيداندا سىنىغان تۈزۈك.

1982-يىل

# تىكەندىن قورققان بۇلبۇل ئەمەس

سەھەر شەبنەم چۈشۈپ غۇنچە كۆزىنى ئاچتى،
كۆرگەچ بۇلبۇل يۈرىكىگە ئوت تۇتاشتى.
چىدىيالماي سايراپ كەتتى بۇلبۇل شۇ ئان،
ئۆرغۈپ چىقتى ئىچ ـ ئىچىدىن دەردلىك پىغان.
دېدى بۇلبۇل: «ئاشىق بولدۇم ساڭا ئەي گۈل!
رەھىم قىلىپ تىلىكىمنى ئەيلە قوبۇل.»
گۈل دېدىكى: «ئاڭلا بۇلبۇل بىر گېپىم بار،
يېقىن كەلمە، پايلاپ تۇرغان تىكىنىم بار.
نەشتەرلىرى سۇغىرىلغان زەھەر بىلەن،
ئاگاھ بولۇپ يۈرگىن ئەمدى ھەزەر بىلەن.»
دېدى بۇلبۇل: «پەرۋايىم يوق دېگىنىڭدىن،
قورقمىغايمەن يېنىڭدىكى تىكىنىڭدىن.
گۈلنى سۆيگەن قورقماس تىكەن ئازارىدىن،
قورقماس ھەرگىز سۆيگۈنىنىڭ دىدارىدىن.
جانىنى تىكىپ ئۆشبۇ يولغا ئاياغ سالدىم.
ئوتتىن يانماس پەرۋانىدىن ساۋات ئالدىم.»
كۆلۈمسىرەپ باش لىڭشىتىپ قىلدى قوبۇل،
بۇ ۋەدىدىن مەمنۇن بولدى خەستە بۇلبۇل.
ئۆز يولىدا مەھكەم تۇردى سادىق بولۇپ،
سايراپ يۈردى گۈل ئىشقىدا ناتىق بولۇپ.
جاپا سالدى نەشتەر ئۇرۇپ تىكەن ئاڭا،

لېكىن بۇلبۇل تەرك ئەتمىدى سەۋتۇناۋا.①
چىداپ ئۆتتى يىللار يۇتۇپ خۇنابەنى،②
كۆرسەتتى ئۇ مەردانىۋار ئىرادىنى.
رېئاللىققا ئايلاندۇردى خىيالىنى،
ئاخىر تاپتى سۆيگەن گۈلىنىڭ ۋىسالىنى.
قەترە-قەترە تەرلىرىدىن گۈللەر ئۈندى،
پىغان كەتتى، ئاخىر ئۇنىڭ كۆڭلى تولدى.
1982 - يىل

## ھەرگىز

كۆڭۈل ئەينەكتۇر، پاك ساقلا، كىر قوندۇرمىغىن ھەرگىز،
جاھالەت ئىلكىگە تاشلاپ قويۇپ، سۇندۇرمىغىن ھەرگىز.
تىنىق سۇدەك سۈزۈك تۇت، يۇغىن ئىرپان سۈيى بىرلە،
بۇ گۆھەرگە نادانلىق تاشى بىلەن ئۇرمىغىن ھەرگىز.
ئىلىم-پەندىن يورۇق نۇر چاچسۇن ئەتراپقا چىراغ يەڭلىغ،
ئۇنى بۇ ياخشى خىسلەتتىن قۇرۇق قالدۇرمىغىن ھەرگىز،
پورەكلەپ گۈل ئېچىلغان باغقا ئايلاندۇر بۇ كۆڭلۈڭنى.
بۇ گۈلزارنى زىمىستان ئىلكىدە سولدۇرمىغىن ھەرگىز!
ۋەتەن ئىشقىدا يانغان بۇ كۆڭۈلنىڭ شامىنى شائىر،
ۋەتەندىن ئۆزگەنىڭ يارى بىلەن ياندۇرمىغىن ھەرگىز.
ئۇنى تولدۇر ۋەتەن مېھرى، ساداقەت ھەم ۋاپا بىرلە،
سۈزۈك بېشىڭنى بۇ يولدىن پەقەت قايتۇرمىغىن ھەرگىز.
1988 - يىل

---

① سەۋتۇناۋا - كۈي ئاۋاز
② خۇنابە - قانلىق ياش يۇتۇپ ئۆتتى

## گۈل سالدىم

مېنىڭدە ئاز ئىدى كۈچ - قۇۋۋەت، بىر ئىشقا قول سالدىم،
بولۇپ دوستلار مەدەتكار بەردى ئىلھام، ئالغا يول سالدىم.
قەلەم تىغىنى قىلدىم تىغى بوران ① دەك بىر ئىلھامدىن،
ۋاراقلار ئۈستىگە نازۇك تەسەۋۋۇر بىلەن گۈل سالدىم.
ھاياتىمدىن نەمۇنە قالسا دەپ كۆپ ئارزۇ قىلدىم،
تۆكۈپ مېھنەت تېرىمنى بىر ئىجادىي ئىشقا قول سالدىم.
ئىپادە ئەيلىمەك بولدۇم ۋەتەن مېھرىنى بۇ ئىشتا،
سۆزۈك كۆڭلۈمگە سەۋدايى مۇھەببەتنى جۇنۇن سالدىم.

1983-يىل

---

① تىغى بوران - ئۆتكۈر تىغ

## يادىكار

يادلىسۇن ئەۋلادلىرىم دەپ يادىكار ئەتتىم بۇنى،
قانۇ تەر بىلەن سۇغاردىم، لالىزار ئەتتىم بۇنى.

ياسىدىم باغ ـ گۈل بىلەن زىننەتلىنىپ تاپتى كامال،
ئىشقى بۇلبۇللارنى قوزغاپ ئىنتىزار ئەتتىم بۇنى.
توزۇدى ئەييامى ئۆمرۈمنىڭ گۈلى ـ ياشلىق چېغى،
توزۇماس گۈللەر ئېچىلغان نەۋ باھار ئەتتىم بۇنى.
ئىستىكىم گويا كېيىكتەك قاچسىمۇ بەرمەي تۇتۇق،
بولدى بەختىم يار ئاخىر قوغلاپ شىكار ئەتتىم بۇنى.
تىرنىقىم بىلەن قېزىپ تاغ، سۇ چىقاردىم بىر ئېرىق،
ئاققۇزۇپ سۇ، تەشنالارغا يادىكار ئەتتىم بۇنى.

1983 ـ يىل

## يىللار

يىللار ئادىتىچە كېلىپ كېتىدۇ،
يىللارغا بۇ رەۋىش ئەزەلدىن قانۇن.
ئادەملەر يىللاردا بوستان ئېتىدۇ،
بولسۇن دەپ سايىسى ئەۋلادقا ئورۇن.

ئۆتكەنكى يىللاردىن خىجالەت چەكمە،
ئىجادىي مېھنەتتىن ئۈنگەن بولسا گۈل.
كەلگۈسى يىللارغا نەزەرنى تاشلا،
مەردلەرنىڭ ئىزىچە يولغا راۋان بول.

ياسالسۇن شېرەپلىك تارىخ يىللاردىن،
تارىخنىڭ ئاساسى ئەمگەك قانۇن تەر.
قويۇلسۇن يادىكار ئۆچمەس گۈللەردىن،
بىنىشان كەتسە كىم نامى تېز ئۆچەر.

دۇنيادا يادىكار قويغان، ئۆلمىدى،
مەڭگۈلۈك تىرىكلىك تاپتى مەنىدە.
ناۋائى، فارابى، مەھمۇتلەر مانا،
ياشايدۇ ئىنساننىڭ چوڭقۇر قەلبىدە.

1983-يىل

## تەكەببۇرغا تەربىيە

بولما سەن ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتماق بىلەن مەندىن نېرى،
قاچما، يوق، مەندە يۇقۇملۇق ھېچ كېسەل مىكروبلىرى.
ئادىمىلىك بىزدە تەڭدۇر، بىزگە ئورتاق بۇ شەرەپ،
ئۇشبۇ ئىنسانى شەرەپنىڭ يوق زىيادە، كەم يېرى.
قىلما چوڭلۇق، چالما ھەرگىز سەن تەكەببۇر ناغرىسىن،
كىم ئۆزىن چوڭ تۇتسا ئەلدىن ئۈزۈلگەي ئاخىرى.
بەرمىگەي بۇ جەمئىيەت كىبرۇ تەمەنناغا ئورۇن،
چوڭچىلىقنىڭ ئاقىۋەت باردۇر ھالاكەت خەتىرى.
سەن ئۆزۈڭنى يەرگە تەڭ تۇت، ئەيلە كەمتەرلىكنى خۇي،
مەۋقەيىڭ بولغاندىمۇ ئۈستۈن پەلەكنىڭ ئەختىرى.
ئەي بۇرادەر قىل قوبۇل ئۇشبۇ سۆزۈم گەر توغرىدۇر،
قايتۇرۇپ بەر ئۆز قولۇڭغا بولمىسا توغرا يېرى.

1983-يىلى

## بولماس

مەدھىيىلەپ ياخشىلىقنى سۆزلىسە، سۆزلەپ ئادا بولماس،
ۋەتەنگە قىلسا ھەركىم ياخشى ئىش ئۇ بىناۋا بولماس.
كۆچۈر ئۆمرۈڭنى مېھنەت بىلە تەردە ئەل بىلەن بىللە،
چىن ئەر ئۆز خەلقىدىن ھەرگىز مۇشەققەتتە جۇدا بولماس.
ئىزىدىن قايتمىغاي باش كەتسىمۇ ۋىجدانى ساپ ئادەم.
مۇخالىپ ئالدىدا ھەرگىز دولا چايقاپ چاكار بولماس
يۆلەنچۈك ئەتمە يات كۈچنى، يۆلەن ئۆز ئىجتىھادىڭغا،
ئۆزۈڭگە ئۆزگىلەر ھەرگىز ئۆزۈڭدەك خەيرىخاھ بولماس.
ئاياغ ئاستىدا خارئەتمە ئۆزۈڭنى ساقلا قەدرىڭنى،
كىشى ئۆز قەدرىنى بىلگەن چېغىدا كەم باھا بولماس.
قومۇش كەپە ئەگەر جايىڭ، يېمەككە زاغرىدۇر نانىڭ،
ئەگەر مىننەتتىن ئازادسەن سېنىڭدەك پادىشاھ بولماس.
سۆزۈك قەلبىڭنى زەڭ قىلما تاماگەرلىك زەڭگى بىلەن،
تاما ھەردىلنى زەڭ قىلغاندا ئاقلىق ئاشىنا بولماس.

1983-يىلى

## ساۋاق ئېلىپ تۇرمۇشتىن

تۇرمۇش ئەجەب ئىبرەتلىك، جاھاننەما ئايىنە
كۆرسىتىدۇ ئۇ ساڭا ھەر خىل قىزىق كارتىنە.

گاھى قايغۇ - ئەلەمدىن قان تولدۇرسا كۆزۈمگە،
گاھى شادلىق مەيدىن قان يۈگۈرتەر يۈزۈمگە.
مولла قىلۇر ئوقۇتۇپ بىلمىگەننى بىلسەم،
گاھ ئەندىكىپ يىغلىساڭ، گاھ تىلىقىپ كۈلسەم.
ئاچچىق - چۈچۈك سوۋغاتلار تېگىپ تۇرار ئالقانغا،
گاھى ئۇچراپ قالسەن يوغان - يوغان بوھتانغا.
گاھى باسقان يولۇمدا گۈل ئېچىلغان بولىدۇ،
گاھى تىكەن چېچىلغان، يۈرىكىم قان بولىدۇ.
شۇنداق ئاچار ئىمرەتلىك مەنزىلىگە پەردىنى،
بىلگەن دوستۇم تۇرمۇشنىڭ قىممىتىنى - قەدرىنى.
ساۋاق ئال شۇ تۇرمۇشتىن تەجرىبىلەر توپلانسۇن،
ۋۇجۇدۇڭ ئادالەتنىڭ قارىسىدىن ئاقلانسۇن!

1953-يىلى

## كۆڭلۈم ۋەتەن

قايىندى كۆڭلۈم پۇرۇقلاپ ئى ۋەتەن ئىشقىڭ بىلەن،
قايناماس نېچۈن ئۇسۇپ يەتسەم سېنىڭ مېھرىڭ بىلەن.
پەخىرلەنسەك ئەرزىگەي دۇنيادا! توھپەڭ شۇنچە چوڭ،
مۆجىزە كۆرسەتتىڭ ئالەمگە بۈيۈك ئەجرىڭ بىلەن.
يارىتىپ شانلىق سەھىپە بېزىدىڭ تارىخ يۈزىن،

باغلىنۇر نۇرغۇن ئىجاد ۋە كەشپىيات ئىسمىلىك بىلەن.
تاپتى ئىززەت، ئېتىبار ئۇ خارۇ زار ئوغلانلىرىلىك،
ئۆستى قەدرى دەمبەدەم ئۆسكەن ئۇلۇغ قەدرىلىك بىلەن.
ئارزۇسىغا يېتەلمەي ئۆتتى ئەجداد غەم بىلەن،
سېنى گۈللەتمەك كويىدا قان يۇتۇپ دەردىلىك بىلەن.
بولدى پارتىيە نۇرىدا چۆللەر ئاۋات، دىللار شاد،
ياشنىدىلىك گوياكى باغدەك، ئۇچرىشىپ بەختىلىك بىلەن.
يەنە ياشنا دوستلىرىڭنى شادمان ئەت ئەي ۋەتەن،
دۈشمىنىڭنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ قەھرىلىك بىلەن.
قانچە خىزمەت ئەيلىسەك ئازدۇر ۋەتەننىڭ تۇزىغا،
قالما غەپلەتتە سۆزۈك بويىنۇڭدىكى قەرزىلىك بىلەن.

1983 - يىل

## ئۇلۇغ ئالىم مەخمۇت قەشقەرى
### شەنىگە

ئۇلۇغ ئالىم قالدۇردۇڭ سەن بىزگە ئۆلمەس بىر
دىۋان،
قىلۇر دىل قۇشلىرى بۇ ئىپتىخار ھېسسى بىلەن
جەۋلان.
قەدىرلىك بۇ ئەسەر بىزگە ئىرۇر يىگانە بىر گۆھەر،
ئىلىم ـ ھېكمەت كۆكىدە مەڭگۈ پارلاق نۇر چاچار
چولپان.

ئىلىم دۇنياسىنى شۇنچە بېيىتتىڭ، ھەممە قوشتۇڭ سەن.
بۇ ئىلمىي ئەمگىكىڭ بىرلە ۋەتەنگە ئىپتىخار بولدۇڭ،
ئاجايىپ پۇختا بىر تۈركىي لۇغەت - قامۇسنى تۈزدۈڭ سەن،
شەرەپ ئەۋجىدە پەرۋانە ئەيلىگەن بىر نامدار بولدۇڭ.

تارىتىڭ نۇرى ھېكمەتنى دىلىڭدىن مىسلى يۇلتۇزدەك،
ھاياتىڭنى ئىجاد قايناملىرىغا ئەيلىدىڭ ئۆركەش.
جاھان دانالىرى قايىل بولۇپ بەردى باھا يۈكسەك،
ئىجادىڭ قەترىسىدىن مەنىلەر دەرياسىنى كۆرگەچ.

قىلۇر نامىڭ جاھاندا ئەسىردىن تا ئەسىرگە پەرۋاز،
خازانسىز نەۋباھاردۇر، ئەمگىكىڭ دۇنيادا قىشسىز ياز.
يېزىپ زەرھەل بىلە نامىڭنى تارىخ ئىچرە ئەۋلادىڭ،
سۈزۈك مىڭلەرچە يىلغا شۆھرىتىڭدىن ياڭرىتار ئاۋاز.

1983-يىل

## دېگەن

مەنىلىك ئۆتكەن كۈنۈڭنىڭ ھەربىرىنى دەۋران دېگەن،
كەتسە زايا بىرمىنۇت پۈتمەيدىغان ئارمان دېگەن.
ۋاقىت ھەم ئەمگەك بىلەن بولغاي ئۆرە ئالەم ئىشى،
بولمىسا ئەمگەك ئەگەردە سەن ئۇنى ۋەيران دېگەن.
بەردى ئەمگەككە ئورۇن ئۆز قوينىدىن ۋاقىت، زامان
بەلكى ئەمگەك ھەم ۋاقىتنى قوشكىزەك تۇغقان دېگەن.
ۋاقىت ئاراكەلدى ھايات قوينىغا شۇنچە موجىزە،
كىم ۋاقىت قەدرىنى بىلمەي بوش قويار نادان دېگەن.
ۋاقىت ھەم ئەمگەك بىلەن توپلا ۋۇجۇدۇڭغا بىلىم،
ئادەم ئوغلىغا بىلمەسلىكنى چوڭ نۇقسان دېگەن.
ئىگىلەپ پەننى بىلىمنى تاپتى ئىنسانلار روناق،
پەن بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ مۈشكۈلىنى ئاسان دېگەن.
چامدىدى ئالغا ۋەتەن دادىل زامانلاشماق ئۈچۈن،
ئەي سۆزۈك پەن چوققىسىغا چىققىلى ئىمكان دېگەن!

١٩٥٥-يىل

## سۆيگۈڭدىن ئايرىلماي ئۆتەي

جان ۋەتەن يۈرەكتە چوغ - ئوتۇڭدىن ئايرىلماي ئۆتەي،
ئايلىنىپ پەرۋانىدەك بويۇڭدىن ئايرىلماي ئۆتەي.
ئىشقا سال پەرمان بېرىپ جان - دىل بىلە ئەيلەي ئادا،
مەيلى ئوت، سۇغا كىردي، ھۆكمىڭدىن ئايرىلماي ئۆتەي.

تا تىرىك بولسام ئەگەر پەخرۇ شەرەپدۇر قانچە كۆپ،
چەكسەم ھەم جەبرۇ جاپا سۆيگۈڭدىن ئايرىلماي ئۆتەي.
بۇلبۇلى شەيدا سۆيۈپ مەدھىڭدە سايراپ سۇبھى شام،
ياڭرىتىپ ھەردەم ناۋا كۈيۈڭدىن ئايرىلماي ئۆتەي.
ئەي مۇقەددەس قىبلىگاھ قەدرىڭ ئۇلۇغۋاردۇر ماڭا،
دىلدە مېھرىڭ، سۆيگۈۋار تۇيغۇڭدىن ئايرىلماي ئۆتەي.
تاكى جان قۇشى جەسەد ئاشيانەسىدە بەر قارار،
بۇ سۆزۈك بەرگەن كۆرەش تۇغۇڭدىن ئايرىلماي ئۆتەي.

1983 - يىل

## ئاتا ـ ئانىنىڭ كۆڭلى

ئاتا ـ ئانا كۆڭلى كۈندىن يورۇق، دەريادىن ئۇلۇق،
بۇ كۆڭۈللەر ئارزۇ ئارمان بىلەن دائىم تولۇق.
قىزى ـ ئوغۇل بەختىنى ئويلايدۇ ئۇلار مېھرى بىلەن،
تاڭ سەھەرلەردە بۇلاقتەك كۆزلىرىن ئەيلەپ سۇلۇق.
«ئىز باسار بولغاي ئوغۇل» دەپ ئاتىنىڭ باغرىدا ئوت،
ئانىنىڭ كۆڭلىدە يانغان ئوت تېخى ئاندىن ئۇلۇق.
بىلمىسە كىمكى كۆيۈمچان ئاتا ـ ئانا قەدرىنى،
ئى سۆزۈك ئىنسان قاتارىدا ئۇنىڭ ھېچ ئورنى يوق.

1983 - يىل

## بەخت ـ دۆلەت

ئىزدىسەڭ بەختىڭنى بول ئوت ئىزدىگەن پەرۋانىدەك،
تۆك تېرىڭنى بەخت يولىدا، تۆكمە ياش خۇنابەدەك.
بارمىغىن ئىزدەپ يىراق، بەختدۇر ئۆزۈڭنىڭ ئىلكىدە،
ئۇ كېلۇر قولغا كۆرەش قىلغاندىلا مەردانىدەك.
بەخت قاچار كۆز ياشىدىن، نومۇس قىلار يىغلىغۇدىن،
ئۇ قۇرۇق كۆزنى كۆرەر ياخشى گۈزەل ـ جانانىدەك.
سارغىيىپ يۈرمە تەرەھھۇملەر ① سوراپ ھەر كوي ئارا،
ئۆلگىنىڭ ياخشى ئەمەسمۇ يۈرگىنىڭدىن سايىدەك.
تىلىمە شەپقەتنى، شەپقەتچىلىك ئۆزۈڭنىڭ ئەمگىكى،
بىلسە ئۆز قەدرىنى ھەر كىم ئۇ بولۇر دۇردانىدەك.
باغلا ئۆز بەختىڭنى ئەل بەختىگە تەقدىرداش بولۇپ،
كىم تاپار بەختنى بىر چەتتە تۇرۇپ بىگانىدەك.
ئى سۆزۈك، دۇنيا كۆرەشتىن بىر مىنۇت خالى ئەمەس،
بىلمە سەن تىپتىنچ ئۇنى ئۇخلايدىغان بىر خانىدەك.

1983 - يىل

① تەرەھھۇم — رەھىم قىلىش، ئىچ ئاغرىتىش.

## مايمۇن بىلەن ئېيىقلار

(چۆچەك)

1

قەدىمدە بولغانىكەن بىر كاتتا جاڭگال،
مايمۇنلار ياشاركەن بۇ يەردە خۇشال.
سۇلىرى ھەر دائىم ئېقىپ تۇراركەن،
دىماغقا گىياھلەر ھىدى ئۇراركەن.
ياۋايى مېۋىلەر ھەر تۈرلى مۇندا،
شاخلاردا سايراركەن قۇشلار ھەركۈندە،
تۇرمۇشتىن يوق ئىكەن مايمۇنلار غېمى،
توقلۇقتا ئۆتەركەن ھەركۈن ھەردەمى.
پاراغەت ئىچىدە ئورۇقلار سېمىز،
چاقاركەن ھەمىشە ئۇلار چار مېغىز.
غولداپتۇ ئۇلارنىڭ نەسلى - ئورۇقى،
پارلاپتۇ ئۈستىدە بەخت يورۇقى.
مايمۇنلار ۋەتىنى ئىكەن شۇ يوسۇن،
ئاچقانىكەن سائادەت ئۇلارغا قويۇن.

2

بىر كۈنى بىر مۇنچە مايمۇن بولۇپ جەم،
بىر چەتتە ئىشرەتلەر سۈرەركەن خۇررەم.

داستىخانلىغا مېۋىلەر تىكەن تىزىلغان،
ئۇسۇللار ئوينالغان، غەزەل قىزىغان.
شۇ ئاندا تاغ ئاتلاپ كەپتۇ بىر ئېيىق،
ئاچكۆزسىن تاشلاپتۇ بۇ ئىچى قىيىق.
دەپتۇ ئۇ ئۆزىگە قويۇپ بىر سوئال
«بۇ قانداق مۇۋاپىق بولمىغان ئەھۋال؟
راۋامۇ ئېيىقلار دەردۇ مېھنەتتە.
ھەمىشە ئاچۇ زار ئۆتسەك كۈلپەتتە؟
بىز يېسەك تاغلاردا گىياھ يىلتىزى،
يىل ئۆتۈپ كۆرمىسەك بىر راھەت يۈزى؟
مايمۇنلار تۇرمۇشتا كەتسە گۈللىنىپ،
ياشىسا كەيپى ساپاغا تولۇپ،
ھەر دائىم يېيىشسە پىستە ھەم بادام،
ئۆمرىنى ئۆتكۈزسە باياشات داۋام.
ئېيىقلار جىنسىگە نېچۈن بۇ غۇربەت؟
مايمۇنلار خىلىغا نېچۈن بۇ ئىشرەت؟»
ھەستى قوزغالغان ئېيىق ۋاژگون①
مايمۇنلار ئۈستىگە باشلاپتۇ ھۇجۇم.
ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بوپتۇ بوزماقچى،
بۇ نازۇ نېمەتكە چاڭگال سالماقچى.
جەم بولۇپ بىرمىڭدەك مايمۇن شۇ زامان-
ئېيىقنى تالاپتۇ، قىپتۇ ناتىۋان.
باش، كۆزى يېرىلغان بۇ ئېيىق خەستە،
كەلگەن يولى بىلەن قېچىپتۇ تەستە.

---

① ۋاژگون — تەتۈر

3

بۇ خەۋەر تارقىلىپ ئېيىقلار ئارا،
كۆرۈنۈپ كۆزىگە بۇ جاھان قارا.
نومۇستىن باشلىرى ساڭگىلاپ يەرگە،
خىجالەت ئىچىدە چۆمۈپتۇ تەرگە.
دېيىشىپتۇ: «نومۇس ئەمەسمۇ بىزگە،
پەسلەردىن ھاقارەت يەتسە ئېگىزگە،
كۆيدۈردى كۆڭۈلنى بۇ نومۇس ئوتى،
چىداشقا كىمنىڭمۇ يەتسۇن قۇۋۋىتى؟
تارىختا ئەۋلادقا قالدى بىر بەتنام،
بىز بۇنى يوقاتماي ئالمايلى ئارام.
مايمۇندىن يېڭىلمەك ئېيىقلارغا نەڭ①
ئۇرايلى شەبىخۇن② كېچە بولسا تەڭ.
قىلايلى مايمۇنلار ھاياتىن خازان،
دۈشمەندىن پاكىزە بولسۇن بۇ جاھان»
ئېيىقلار بۇ كەبى قىپتۇ مەسلىھەت،
شەبىخۇن ئۇرۇشقا يەكدىل، يەكجەھەت.
يىغىلىپ بىر كاتتا كونا ساي ئىچرە،
كوناساي ئىچىدىكى كەڭرى غار ئىچرە.
كېچىسى ھۇجۇمنى باشلاپ ئېيىقلار،
مايمۇنلار قانىنى قىپتۇ ئېرىقلار.

① نەڭ - نومۇس
② شەبىخۇن - كېچىسى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلمىش

مايمۇنلار بۇ ئىشتىن بولغاچ بىخەۋەر،
ئېيىقلار ئېلكىگە ئۆتۈپتۇ زەپەر.
قىسقىسى مايمۇنلار بوپتۇ تارمار،
غاپىللار بولۇپتۇ شۇنداق خارۇزار.
ئېيىقلار ئېلكىگە ئۆتۈپ كەڭرى جاي.
ئامبارلارغا تولغان مېۋىلەر تالاي،
باشلاپتۇ ئېيىقلار مۇندا ھوزۇرنى.
كۆرۈڭ ئاقىۋەتنى قانداق بولۇرنى.

4

مايمۇنلار شاھى بۇ جەڭدە يوق ئىكەن،
ئوۋ قىلىش ئۇنىڭغا مەشغۇلات ئىكەن.
شىكاردىن قايتقاندا ئالدىغا نەچچە،
ئۇچراپتۇ بۇ جەڭدە تاپقان شىكەستە.
«داد! — دەپتۇ، — ئى شاھى ئالەم سىزگە داد!
ئېيىقلار قولىدا يۇرت بولدى بەرباد.
قۇتقۇزۇڭ ئىستىبلا بولغان ۋەتەننى،
شۇم ئاياغ ئاستىدا قالغان چىمەننى»
شاھ ئاڭلاپ بۇ سوغۇق خەۋەرنى ئولدەم،
بېشىغا چۈشۈپتۇ تاغدىن ئېغىر غەم.
قولىنى چىشلەپتۇ، دەپتۇ: «ۋادەرىخ
ۋەتەننى ئىستىلا قىپتۇ شۇم ئېيىق.
ئېلكىمىزدىن كېتىپتۇ نازۇ نېمەتلەر،
توپلىغان ئىدۇق بىز چېكىپ مېھنەتلەر».

بۇ يەردە بار ئىكەن بىر مايمۇن - دانا،
شاھ چەككەن بۇ قايغۇ - ھەسرەتتىن ئاگاھ.
ئىھتىرام كۆرسىتىپ تۇرۇپ دەس ئۆرە،
دەپتۇ: «سەن كۆپ مالال بولماي تۆرە.
غەمكىنلىك، مەيۇسلۇك ئەمەس توغرا يول،
دۈشمەننى شاد قىلۇر دوستلارنى مالال.
سەۋرى ھەم تەدبىردۇر بۇ دەردكە داۋا.
ۋۇجۇدقا بۇنىڭسىز ئاشماس مۇددىئا.
پىكرىم بار خىلۋەتتە بايان قىلسەن،
نىجاتلىق تەدبىرنى ئايان قىلسەن.»
شاھ ئۇنى خىلۋەتتە ئەيلەپتۇ قوبۇل.
ئىسكەپتۇ كۆزىنى ئولتۇرۇپ ئۇدۇل.
دەپتىكى: «بۇ ئىشنىڭ تەدبىرى نىمە؟
بۇ ئۇلۇغ ۋەتەننىڭ تەقدىرى نىمە؟»
شاھ كۆڭلىن يورۇتۇپ گويا نۇر كەبى،
بۇ مايمۇن باشلاپتۇ سۆزىنى بۇ كەبى.

5

«مەلۇمكى ئېيىقلار بىزدىن كۈچلۈكتۇر،
جەڭ قىلساق يېڭىلمەك بىزگە ئېنىقتۇر،
كۈچ بىلەن بولمايدۇ مەقسىتىمىز ھەل،
ھىيلىدىن ئۆزگە يوق چارە بۇ مەھەل.
ئويلىدىم بىر نازۇك ئىنچىكە چارە،
قىلۇرمىز دۈشمەننى ئالداپ ئاۋارە.

ئۆزۈمنى بۇ يولدا قىلسىمەن قۇربان،
ئەيلەيمەن دۈشمەننى يەر بىلەن يەكسان،
كۆپ ئۈچۈن بىر جاننى قىلسىمەن پىدا،
ئەمەلگە ئاشىدۇ كۈتكەن مۇددىئا.»
شاھ دەيتۇ مايمۇنغا: «ئەي ئەزىز دوستۇم!
ئۇچۇقراق بايان قىل ئىچىدىلسۇن مەيەزۇم،»
مايمۇن ئۆز سىرىدىن ئەيلەيتۇ پەردە،
دەيتۇ: «بىر باياۋان كۆردۈم بىر يەردە.
بار قىزىق شامىلى جانغا خەتەرلىك،
ئىيىقلارنى ئاڭا باشلاش يېتەرلىك.
نە سايە، نە سۇ يوق، نە غەيرى پاناھ،
دىگەيسەن جەھەننەم مىسلى ئوتخانا.
ئىيىقلارنى ئالداپ ئۇ يەرگە باشلاي،
جانلىرىنى جەھەننەم قەرىگە تاشلاي،
بۇيرۇغىن يولۇشسۇن قۇلاقلىرىمنى،
ھەم ئۇرۇپ سۇندۇرسۇن سۆڭەكلىرىمنى.
تاشلاشسۇن ئىيىقلار جايىغا مىنى،
ھەم قويسۇن ئۆزۈمنىڭ كارىغا مىنى.
ئىككى كۈن يوشۇرلۇپ تۇرۇڭلار چەتتە،
قىلۇرمەن ئىشىمنى بىلىپ ئەلۋەتتە.
ئۈچىنچى كۈنى بولغاندا بىسىڭلار قەدەم،
ۋەتەن ھەم خالىدۇر دۈشمەندىن ئۈدەم.
نە ياۋدىن نىشانە، نە مەندىن ئەسەر،
ئۇشبۇ كۈن بولىدۇ ئۇلۇغۋار زەپەر.
مەن ئۆلسەم ئەپسۇس يېمەڭلار ناشاد.

قىلىڭلار گۈل چىمەن ئىچرە مېنى ياد.
قىلىڭلار ۋەتەندە ئۆمۈرلۈك خەندە،
ئاسراڭلار ۋەتەننى جان باركى تەندە.»
شاھ ئاڭلاپ پىداكار مەردىنىڭ سۆزىنى،
تەسىرات ئاستىدا نەملەپ كۆزىنى،
قۇچاقلاپ دايىمۇنىڭ سۆيۈپ كۆزىگە
ئۇتۇقلار تىلەپتۇ ئۇنىڭ ئىشىگە.
دەپتۇ شاھ:«تىلەيمەن ساڭا ئاق يولنى،
ئىشەندۇق ئەھدىڭگە بەردۇق كۆڭۈلنى.»

## 6

سۇبھى دەم ۋاقتىدا ئېيىقلار ئەمرى،
يىراقتىن ئاڭلاپتۇ بىر مۇڭلۇق يىغى.
شۇ زامان ئۇياققا ئەيلەپتۇ گۈزەر،
بىر مايمۇن ياتارمىش ئەھۋالى بەتەر.
گەردۇن①نى تىترىتىپ يىغلارمىش ھامان،
غەرقى خۇن رۇخسارى مىسالى سامان،
باش كۆزى يېرىلغان زەخمىناك ئىمىش،
خاتىرى پەرىشان ئەلەمناك ئىمىش.
دەپتۇ:«ئى ئاۋارە كۆڭلى پەرىشان،
نە بولدۇڭ، ھالىڭدىن ئەيلە بىر نىشان.
كىم بولدۇڭ، كىملەردىن يەتتى بۇ زەرەر؟
يىغاڭنى توختىتىپ ئېيتقىن سەربەسەر.»

① گەردۇن — پەلەك، ئاسمان.

مايمۇن ئۆز باشىدا كۆرۈپ بىراۋنى،
تونۇپتۇ پاراسەت بىلەن ئەمىرنى.
بىر سوغوق ئاھ تارتىپ دەپتۇ: «شەھرىيار①!
مايمۇنلار شاھىدىن يەتتى بۇ ئازار.
مەن ئىدىم ئۇل شاھنىڭ يېقىن ئادىمى،
ۋەزىرلىك مەرتىۋە تاپقان خادىمى،
بىر كۈنى شاھ سوراپ مەسلىھەت مەندىن
دېدىكى: «ئېيىقلارنى سۈرسەك ۋەتەندىن،
بۇ ھەقتە تەدبىرىڭ نېمەدۇر سۆزلە،
نېمىدىن قول سالماق كېرەكتۇر كۆزلە.»
دېدىمكى: «ئېيىقلار بىزدىن كۈچلۈكتۇر،
سەلتەنەت ھەيۋىتى شۇنچە ئۇلۇغتۇر.
ئۇلارغا قانداقمۇ كېلەلەيمىز تەڭ؟
ئىتائەت قىلغايمىز، قىلمىغايمىز جەڭ.
سۆزۈمنى ئاڭلىغاچ ئۇل شاھى زالىم،
ياردى باش-كۆزۈمنى، بۇدۇر ئەھۋالىم.
ئازابلار ئاستىدا ھوشۇمدىن كەتتىم،
كۆز ئېچىپ ئۆلمەي بۇ يەرگە يەتتىم.
پاناھىڭ ئاستىغا ئاتتىم ئۆزۈمنى،
تەرەھھۇم ئەيلىگىن ئاڭلا سۆزۈمنى.»
دەپتۇ-دە ياش تۆكۈپ چۈن ئەبرو باھار②
پەلەكنى تىترىتىپ قىپتۇ نالە زار.
ئېيىقنىڭ قوزغىلىپ بۇنىڭغا رەھمى،
دەپتۇ: «ئى مايمۇن سەن ھېچ قىلما ۋەھمى،

---

① شەھرىيار — پادىشاھ

بىلسەڭ گەر مايمۇنلار تۇرغان ماكانىنى،
پاش قىلساڭ بىزگە بۇ سىررى ناھانىنى.
سەنمۇ ھەم ئىنتىقام ئالغان بولاتتىڭ،
ھەم بىزنى مىننەتدار قىلغان بولاتتىڭ،
بىز ماڭا باشپاناھ بولاتتۇق تولۇق.
مۇكاپات بېرەتتۇق قويماستىن قۇرۇق.
ساقايتىپ كېسىلگەن قۇلاق، بۇرنۇڭنى،
قىلاتتۇق ھەممىدىن ئېگىز ئورنۇڭنى.»
مايمۇن سۆز قايتۇرۇپ ئەمىر سۆزدگە،
ياش ئېلىپ ھەييارلىق بىلەن كۆزىگە،
دەپتۇ: «بۇ ئەسرارنى سىزگە ئېيتقايمەن
سىز ئۇلۇغ شاھىمگە خىزمەت قىلغايمەن.
مايمۇنلار توپلاندى باياۋان ئارا،
دىللىرى ئىنتىقام ئىشقىدا يارا.
ئۇ يەردە توپلىنىپ بولدى قوزغالماق،
مەقسىتى يۇرتىنى ياندۇرۇپ ئالماق.
يۇلتۇزلار سانىدىن سانى زىيادە،
يىغىلىپ جەم بولدى ئاتلىق، پىيادە.
بىلىمەن باياۋان يولىنى پېقىر،
قەيەردە چوڭ يول بار، قەيەردە چىغىر.
ئەپسۇسكى يول باشلاپ بېرەلمەگەيمەن،
پۇت - قولۇم چېقىلغان يۈرەلمەگەيمەن.»
مايمۇندىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغاچ ئەمىر،
دەپتۇ: «سەن قىينالساڭ ماڭالماي ئېغىر.

② چۈن ئەبرى باھار — باھار بۇلۇتىدەك.

كۆتۈرسۇن سىنى ئىپىنقتىن بىرى،
يول باشلاپ ئالغايسەن بىزگە ئىلگىرى.»
بىر نەرە تارتىپتۇ ئەمىر باھەشەم.
ئەتراپتىن ئىپىنقلار بولۇشۇپتۇ جەم.
تەييارلىق قىلىشقا بېرىلىپ پەرمان،
شەبىخۇن ئۇرۇشقا تۈزۈلۈپ پىلان،
ئىپىنقلار دەرمەھەل ئىشقا كىرىشىپ،
تەييارلىق ئىشىنى پۇختا قىلىشىپ.
مايمۇنلار ئۈستىگە بوپتۇ بارماقچى،
تىغ سىلىپ ئۇلارنىڭ كۆكسىن يارماقچى،
نىسپى شەپ ① ۋاقتىدا بولۇشۇپ تەييار،
بۇ قوشۇن يۈرۈشكە تۇرۇپتۇ تەييار.

7

قوماندان يېڭىشقا بېرىپتۇ بۇيرۇق،
ئىپىنقلار يۈرۈپتۇ سىلكىشىپ قۇيرۇق.
مايمۇن سەپ ئالدىدا كۆرسىتىپ يولنى،
بەلگىلەپ بېرىپتۇ ئوق بىلەن سولنى،
ئىپىنقلارغا ھەردەم قىلىپ تەشۋىقات،
دەپتۇ: «ئۆپ ئۇلۇغتۇر بىزنىڭ بۇ غازات.»
«غەيرەت قىلىپ قەدەمنى تېز - تېز ئېلىڭلار،
ئۇتۇقلۇق بولغۇن بۇ باسقان يولۇڭلار.»

① نىسپى شەپ — يېرىم كېچە

كۆن چىقىپ بولۇپتۇ ئالەم مۇنەۋۋەر
ۋە لېكىن مەنزىلدىن بولماپتۇ ئەسەر.
جاسقانچە سوزۇلۇپ باياۋان ئىچى،
كۆرۈنمەس ئىكەن ھېچ ئۇنىڭ باش ئۇچى.
قوزى چۆش مەھەلدە گوياكى جاھان.
ھارارەتتە بوپتۇ قىزىغان قازان.
ئېيىقلار تاپالماي ئۆزىگە پاناھ،
تىلى ساڭگىلاپ دەر ئىكەن ئاھ ـ ۋاھ.
ئۆتۈپ ۋاقتى چۆش بوپتۇ مەزگىل ـ پېشىن،
باياۋان ئىچى بوپتۇ ئوت ـ ئاتەشىن.
سامادىن يېغىپ ئوت، زېمىن چوغ بولۇپ،
تېخىچە نىشاندىن ئەسەر يوق بولۇپ.
تونۇر تەپتىدەك ئۆرت ئۇراركەن ھاۋا،
ھاۋا ئەمەس ئۇ گوياكى دالا.
ئېيىقلار ئەمرى دەپتۇ: «ئى مايمۇن!
ئېيىقلار ھاياتىغا قىلدىڭ سەن ئويۇن.
بۇ قانداق باياۋان ئەجەب ھەيۋەتى،
كۆڭۈلنى غەش قىلۇر نېدۇر ھېكمىتى؟
نېمە ئۇ شۆلدەك كېلۇر شۇنچە تېز؟
بىر ئوتتۇر گوياكى ئۇچار تۇتۇنسىز،
جىگەرنى كۆيدۈرۈپ كاۋاپ ئەيلىگەن،
بۇ قانداق ھارارەت خاراب ئەيلىگەن؟»
جاۋابىغا مايمۇن ئېچىپتۇ ئېغىز،
ئەمىرنىڭ دىلىگە قاداپتۇ بىگىز.

بۇ يەكلىغ بايان قىپتۇ ئۆز سۆزىنى،
(تىكىپ مىسلى نەشتەر كەبى كۆزىنى)«
«زامانلار چاچتىك زۇلۇمدىن ئۇرۇق،
تېرىغاننى ئەمدى كېرەك ئورغۇلۇق.
مەزلۇملار خۇنىغا تۇتۇلدۇك بۇگۈن،
ئۆلۈم دېڭىزىگە چۆمۈلدۇك بۇگۈن.
ئۆلۈمنىڭ بايانىدۇر ئۇشبۇ يەر،
كۆزۈڭدىن كۆرۈنگەن ئۆلۈمدىن خەۋەر،
قۇتۇلماقنىڭ ئىمكانى يوقتۇر ساڭا،
ئۆلۈمنىڭ ئىشىكى ئۇچۇقتۇر ساڭا.
كېلۇر چاغىدۇر ئەمدى بادى سەمۇم ①
كۆتەر ھەممىڭنى بۇيەردە ئۆلۈم.»
سەمۇم كەپتۇ ئوتتەك ئۇ شۇلدەم ئۇچۇپ،
ئېيىقلار يېتىپتۇ ئۆلۈپ يەر قۇچۇپ.
نە قالسۇن ئېيىقلار نە مايمۇن تېخى،
قىرىپتۇ ئۇلارنى ئەجەلنىڭ تىغى.
ئېيىقلار ھاياتى ئۆچۈپ شام كەبى،
جەسەتلەر يېتىپتۇ دۆۋە تاغ كەبى.
مايمۇنلار ۋەتىنىگە كەپتۇ كۆچۈپ.
كۆڭۈللەر خۇشال ھېسسىياتقا چۆمۈپ،
قىلىپ ئەنتەنە بىلەن بايرامنى زور،
ۋىسالى ۋەتەن بىلەن ئەيلەپ ھۇزۇر،

---

① بادى سەمۇم — زەھەرلىك شامال

ئۇلۇغ قەھرىمان نامىنى قىپتۇ ياد.
نىچۇن ئۇنتۇلار بۇ كەبى ياخشى زات،
بوزەك قىلسا ئاجىزنى ھەر زوراۋان،
ھالاكەتكە مەھكۇم بولۇر بىگۇمان.

1983 يىل

## ئوقۇ قىزىم

ئوقۇ قىزىم، تىرىشىپ ئوقۇيدىغان دەۋرىڭ بۇ،
بىلىم بىلەن چىراغدەك يورۇيدىغان دەۋرىڭ بۇ.
پەننى ياخشى ئۆگىنىپ، جاھالەتنى يوقىتىپ،
تەبىئەتنىڭ سىرىنى تونۇيدىغان دەۋرىڭ بۇ.
ئوقۇ قىزىم جىددىيلىكتە، ئەلاچى بولۇپ دەرستە،
بۈگۈننىڭ قەدرىنى ئەستە تۇتىدىغان دەۋرىڭ بۇ.
تونۇپ بۇ دەم قەدرىنى، ئىگىلەپ ئىلىم - پەننى،
ھەل قىلىپ ئارزۇ - ئارماننى كۆلىدىغان دەۋرىڭ بۇ.
تارچىلىق يوق ئەمدى ھېچ، ئوقۇ قىزىم كۆڭۈل تىنچ،
ئالغا چامدا قالما كەچ، چامدايدىغان دەۋرىڭ بۇ،
ئوقۇ قىزىم قەلەمقاش، بولما ئەدەبسىز - بەڭباش.
ئەيلە ئەخلاقنى يولداش - ئۆسىدىغان دەۋرىڭ بۇ،
قىزلار ئەمەس ئەمدى خار، ئەمەس ئەمدى زامان تار.
دەۋران ساڭا مەدەتكار بىلىدىغان دەۋرىڭ بۇ،
ۋەتەن ئۈمىدى سەندە، ئەلاچى بول ھەر پەندە.
قويماي ئۈمىدنى يەردە، ئوقۇيدىغان دەۋرىڭ بۇ.

1983 - يىل

## قەلەمگە تەۋسىيە

قاراپ كۆزلەر قاماشسۇن ئى قەلەم سەنئەتلەر ئىنشا قىل !
بۇ سەنئەتلەر بىلەن دىللارنى مەپتۇن ئەيلە، شەيدا قىل !
يۇيۇلماس سەترلەر ياز سەل بولۇپ ياغقاندىمۇ يامغۇر،
جاھاندا مىڭلىغان يىل ئۆتسە ئۆچمەس نەقىش پەيدا قىل !
سېلىپ ئىز ئەسىرلەرگە، قوي ۋەتەن ئەۋلادىغا ئۆرنەك
ئىجادىڭدىن خازانسىز گۈل - گۈلىستانلارنى بەرپا قىل !
«بولۇپ مەشھۇرى ئالەم ئۆچمىسۇن نامىم» دېسەڭ ھەرگىز،
ۋەتەن، ئەل كۈيلىمەككە تىلىنى بۇلبۇل كەبى گويا قىل !
سۆزۈك ئىلھاملىرىڭدىن ئۈنچە - مارجانلار تىزىپ قوشقا،
ۋەتەنگە ئەيلە سوۋغات، ئى قەلەم سەن بۇنى ئىجرا قىل !

1983 - يىل

## تۇرمۇش ياخشى مەكتەپ

تۇرمۇش مەكتەپ ھەم ئۇستاز، ساۋاقلىرى ھېكمەتلىك.
كۆڭۈل قويغان ئۇنىڭدىن بىلىم ئالۇر قىممەتلىك.
تۇرمۇش قوينى ھەم ئىسسىق، بوران - چاپقۇن، جۇدۇنلۇق،
گاھى ئاچچىق ھەسرەتلىكتۇر، گاھى شېرىن - لەززەتلىك.

ئۇقۇ، تۇرمۇش ئۇچمىقىدا كۆيۈپ ـ پىشىپ تاۋلانغىن،
ئادەم بولماق ئاسان ئەمەس ـ مۇشەققەت تىلەك، كۈلپەت تىلەك.
تۇرمۇشتىن ئال كۆڭۈل قويۇپ بىلىم دېگەن گۆھەرنى.
«بىر بىلىملىك مىڭنى يېڭەر، بىرنى يەڭسە بىلەكلىك.»
تۇرمۇش ھېكمەت گۆھىرى تولۇپ تاشقان بىر كاندۇر،
بۇ گۆھەرنى قېزىش ئۈچۈن بولۇش كېرەك يۈرەكلىك.
كۆزەت تۇرمۇش سەھنىسىدە ھادىسىلەرنىڭ سىرىنى.
كۆزدىن قويما ھېچنەرسىنى دېسەڭ «بىلىم كېرەكلىك.»
توغرا ياكى ناتوغرىنى تۇرمۇش بىلەن ئايرىپ بىل،
ھەقىقەتنىڭ مىزانىدۇر ئەمەلىيەت دېمەكلىك.
دۆزلە سۆزۈڭ نىشانىنى جاپا چېكىپ تۇرمۇشتا.
كېرەك ئەمەس ساڭا ھايات بولمايدىكەن تىلەكلىك.

1983 - يىل

## گۈزەل

بولغىچە گۈمبەز كەبى ئىچىلىك قۇرۇق، ئېشىنىڭ گۈزەل،
ئىلىم ئالىپ ئەن نۇرى بىلەن بولسۇن سورۇق ئىچىڭ
گۈزەل.
بول پەزىلەت ئىگىسى، بىلىم ئۈچۈن قىل ئىجتىھات،
ئەل ۋەتەننىڭ خىزمىتىنى قىل ئۇلۇغ كەسپىڭ گۈزەل.
بولمىغاي ھەرگىز بىلىمسىزلىك بىلەن ھاسىل مۇراد،
بولمىغاي ھەرگىز بىلىمسىزلىك بىلەن بەختىڭ گۈزەل.
بولغىچە پانۇسقا ئوخشاش نەققىشدار ئىچى كاۋاك،
بولغىنى ياخشى سۆزۈك مەنا بىلەن قەلبىڭ گۈزەل.

1983 - يىل

## ئەيلە باغ ئۆمرۈڭنى

ئالدىرا گۈللەر ئېچىلدۇرماققا ئۆمرۈڭ باغىدا،
بۇ گۈلىستانىڭنى ئۆگەنمەس قىل يۈرەكنىڭ قانىدا. —
تومۇرىڭدىن قان بېرىپ، بەخلاندۇرۇپ گۈل ئۆستۈرۈپ،
ئىستىكىڭنى قىل ئىپادە سەن ئۇنىڭ ياپراقىدا،
بۇ ئۇلۇغ بەختۇ سائادەتتۇر قويارسەن يادىكار،
سەن ئۆزۈڭ كەتسەڭ ئىزىڭنى بۇ ۋەتەن تۇپراقىدا.
قوي ۋەتەن بېغىغا چىن مېھرۇ مۇھەببەت ئەي كىشى،
چىن كىشى ئولدۇركى كۆيگەي ئەل ۋەتەننىڭ داغىدا.
ئۆتسە پۇرسەت، بولمىسا سەندىن ئاندا قويغان بىر
نىشان.
تاتىلاپ كۆكسۈڭنى قالسەن سوڭ ئەلەم تىرناقىدا،
كىمكى ئۆمرىنى، كۈچىنى ئەل ئۈچۈن سەرپ ئەتمەسە،
ئەي سۆزۈڭ ئاچچىق ئەلەم يۇتقاي ئاخىرقى چاغىدا.

يىل - 1983

## ئىلىم دەرياسى

ئىلىم چەكسىز ئۇلۇغ دەريا، ياتار تەكتىدە كۆپ گۆھەر،
تاپار غەۋۋاس كەبى شۇڭغۇپ ئۇنىڭ قەرىگە، چۆمسەكەن
ئەر.

ئىلىم - پەن ساختا ياقتۇرماس، كېرەكدۇر بولماق
ئەستايىدىل.
تىرىشسا، كىم كۆڭۈل قويسا شۇنىڭ بولغاي بۇ
ئەنگۈشتەر.
«ۋىسال بولمايدۇ ھىجرانسىز»، «تىكەنسىز بولمىغاي ھېچ
گۈل»
ئالالماسەن ئىلىم - پەن قورغىنىنى بولمىساڭ قەيسەر.
نېچۈك زايا بولۇر ئۇيلا، ئىلىم كويىدىكى ئەجرىڭ،
لەئەلگە ئايلىنۇر چەككەن جاپادا تامچىغان ھەر تەر.
قۇرۇق قالغاي ئەگەر ھەر كىم سوراش، ئىزدەشتىن
ئار ئەتسە،
بىلىم تاجىنى كەيمەككە يارايدۇ بولسا كىم كەمتەر.
بىلىم نۇرى بىلەن قەلبىڭ چىراغدەك شولىۋار بولسۇن،
قاراڭغۇغا نۇر چاچقاندەك پەلەك ئۈستىدىكى ئەختەر.
ۋەتەن خەلقى يۈرۈش قىلدى ئىلىم - پەننى ئىگىلەشكە،
سۆزۈك سەنمۇ ئۆگەنمەككە قولۇڭغا ئال قەلەم دەپتەر.

١٩٨٣ - يىل

## قەدرى ئۈستۈندۇر ۋەتەننىڭ كەئبەدىن

قۇشچىلىك بولماسمۇ ئىنسانىنىڭ ۋەتەنگە ھۆرمىتى،
كەچسە مىڭ يىللاپ ھاياتى ئاندا راھەت، مېھنىتى.
قۇش سۆيۈپ ئۆز ئۇۋىسىنى كۆرىدۇ جاندىن ئەزىز،
قوغدار جاننى تىكىپ گەر يەتسە ياتتىن زەخمىتى.

يوقتۇر ئىنسانغا ۋەتەندىن ياخشىراق بىر قىبلىگاھ،
مەككىدىن ئۈستۈن ئۇنىڭ ئالەمدە قەدرى - قىممىتى.
بارمىدۇ ئالەمدە مۇشپىق ① مېھرىبان بىر غەيرى يار،
ئۆز ۋەتەندەك تاكى يا دىرغاي كىشىگە شەپقىتى.
تەڭ ئەمەس مېھرى ۋەتەنگە بۇ جاھاندا ھېچنېمە،
ھەممىدىن كۆپرەك ئۇنىڭ مېھر - مۇھەببەت، قۇدرىتى.
بۇ ۋەتەن ئەجدادىمىز مىراسىدۇر مانەندى ② باغ،
مەدەنىيەت گۈلشىنىدۇر كەڭ تارالغان شۆھرىتى.
ئەرزىگەي مۇنداق ۋەتەن يولىدا تىكسە جاننى كىم،
ئۆزىنى ئەيلەپ پىدا قىلسا ئۇنىڭغا خىزمىتى.
ئەي سۈزۈك، يۈكسەك تەرەققىيات ۋەتەنگە كۆزلىسەڭ،
ئۆگىنىپ پەننى، ئۇنى ئاچقۇچ قىلىشتۇر ھېكمىتى.

1984 - يىل

## ياش تۇرار كۆڭلۈم مېنىڭ

ياپىيېشىل كۆڭلۈم چىمەندەك، بولسىمۇ بېشىمدا ئاق،
ياش يىگىتلەردەك مېنىڭ كۆڭلۈمدە سۆيگۈ ھەم پىراق.
گەرچە يېشىم كونا بولغان بولسىمۇ روھىم يېڭى،
توختىماي ئۇرغۇپ راۋان بولغان سۈيى شېرىن بولاق.
قىلما دەۋەت «قېرىلىققا ئەمدى تەن بەر!» دەپ مېنى،
باقما يۈزۈم قورۇقىغا، دىلدىكى ئوتلارغا باق!

① مۇشپىق - شەپقەت قىلغۇچى
② مانەندى - ئوخشاش

دائىما قارىغايغا ئوخشاش ياشىرىپ تۇرسا كۆڭۈل،
قىردىلىق سۆزى نېمە، بولماي ئەقىلدىن ئۇ ئۇزاق؟
مەن نېچۈك تەسلىم بولاي، زاتىمغا ياتتۇر بۇ ئېگىش،
تۇرسا كۆڭلۈمدە مۇقەددەس ئارزۇ، نۇرلۇق چىراغ.
مەن تېخى دادىل قەدەم تاشلاپ باسارمەن ئىلگىرى،
يازىمەن تارىخقا ئۆچمەس يېڭى باب، يېڭى ۋاراق.

1984 ـ يىل

## ئوقۇغىن ئوتلۇق غەزەل

ياڭرىتىپ ئېيتقىن غەزەللەر تەندە جانىڭ بارىدا،
مىسلى بۇلبۇلدەك تەرەننۇم قىل ۋەتەن گۈلزارىدا.
ئاڭلىسۇن، قىلسۇن ئۇنى روھى ئوزۇق قۇرداشلىرىڭ،
ئەستە قال، ھېچ ئۆچمىسۇن نامىڭ سېنىڭ سەييارىدا.
كۆيلە ئەلنىڭ ئارزۇسىنى، تىنمىغىن ئۆمرۈڭ بويى،
تارقىتىپ مۇڭلۇق ناۋالارنى يۈرەكنىڭ تارىدا.
بول ۋەتەنپەرۋەر غەزەلخان، ئوقۇغىن ئوتلۇق غەزەل،
گۈلخىنى كۆڭلۈڭ لاۋۇلداپ سۆيگۈنىڭ ئەسرارىدا.
ئى سۆزۈك بولسا ساڭا مەقسەت ۋەتەننىڭ شادلىقى،
ئۆت ئاڭا خىزمەت قىلىپ ھېچ قالما غەپلەت غارىدا.

1984 ـ يىل

## ئارمان

سۆرۈلۈپ يۈردۈم كېسەل تاپماي شىپا نىمجان بولۇپ،
نەچچە كۈن بولماق تىرىك، ئالماق نەپەس ئىمكان بولۇپ،
كەتتى كۈچ يەتتى زەئىپلىك، بولدى خىرە، تېرە كۆز
مۆكچىيىپ بەل بولدى خەم①، بىچارە بىدەرمان بولۇپ،
ئۆتتى قەدرىڭ ئەي يىگىتلىك دەۋرى ئەمدى نەدە سەن؟
كۆزلىرىمدىن كەتتىڭ ھىجراندا قويۇپ پىنھان بولۇپ،
ئاغرىنىپ كەتتىڭ قېقىپ پەش، سەن قېشىمدىن ۋادەرىخ!
چۈنكى ئۆتكۈزدۈم سېنى ئىسراپ قىلىپ نادان بولۇپ،
ئەي سۆزۈك بارىدا قەدرىن بىلمىدىڭ ياشلىقنى سەن.
ۋاقتى ئۆتكەندە پۇشايماندىن نەسود② نالان③ بولۇپ.

1984 - يىل

## غەم يېمە

قالسا ئىز سەندىن جاھاندا، كەتكىنىڭدىن غەم يېمە!
ياخشىلىق يولىدا مېھنەت چەككىنىڭدىن غەم يېمە.
ئۆتسە ئۆمرۈڭ ئەلگە نەپ بەرمەك كويىدا تەر تۆكۈپ،
ئۈنگۈسى گۈل ئاقىۋەت، تەر تۆككىنىڭدىن غەم يېمە!

---

① خەم - ئېگىلمەك
② نەسود— نېمە پايدا
③ نالان— ئاھۇ پىغان چەكمەك

تەشنالار يادلار سېنى ئەجرىڭدىن ئاقسا دەشتتە سۇ،
مىسلى پەرھاد تاغ ئارا تاش كەسكىنىڭدىن غەم يېمە،
لەيلى بىلسەڭ ئەلنى چىن ئىشقىدا بول مەجنۇن سۈپەت،
دەشتتە ھىجراندا جاپالىق كەزگىنىڭدىن غەم يېمە!
بولمىغاي زايا ۋەتەن يولىدا قىلغان ئەجرىڭ ھېچ،
ئەستە ساقلار سېنى تارىخ، ئەمگىكىڭدىن غەم يېمە!
كەلسە كەتمەككە كېلۇر كەلگەن جاھانغا ھەر كىشى،
ئى سۈزۈك ئەلنىڭ غېمىن يەپ ئۆز ئىشىڭدىن غەم يېمە!

1984 - يىل

## بىر ھەسەتخورنىڭ تىلىدىن

بار قەدىمدىن بېرى كۆڭلۈمدە مېنىڭ بىر كونا دەرد
قويدى ئادەملەر بۇ دەردنىڭ نامىنى ئويلاپ «ھەسەت».
بىر - بىرىگە ياخشىلىق قىلسا كىشىلەر شۇ ھامان،
قوزغىلار بېشىمدا ئاغرىق - چىدىيالماسمەن پەقەت.
ئەگەردە شۇنچىكى بىر كىم ياخشىلىق قىلسا ماڭا،
كۆرۈنەر ئۆزۈمگە قىلغان ياخشىلىقمۇ شۇنچە سەت،
يا ئۆزۈمگە يا بىرئۆگە خالىماسمەن ياخشىلىق.
كور بولاي بۇ ياخشىلىقنى مەن كۆرۈپ تارتقۇنچە دەرد.
«بۇ قىيىن ئەھۋال ئىچىدىن كىم قۇتۇلدۇرغاي» دېسەم
دېدى دوختۇرلار: «بۇ دەردنىڭ دورىسى يوقتۇر نەبەد»
كۆز يۇمۇپ ئۆتمەكىنىڭ ئورنى يوق، كۆرۈشكە تاقىتىم،
تاكى قۇتقازغايمىكىن، كەلسە ئەجەل ئەيلەپ مەدەت.

1984 - يىل

## تۈنۈگۈن ئۆيۈڭگە بارغىنىمدا

تۈنۈگۈن باردىم ئۆيۈڭگە بارغىدەك ئىمكان بولۇپ،
بەش مىنۇت سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغىلى مېھمان بولۇپ.
ئىشىكىڭنى قاققىنىمدا كەلدى «يوق» دېگەن سادا،
مەن قېتىپ قالدىم تۇرۇپ ئورنۇمدا كۆپ ھەيران بولۇپ.
چۈنكى مەن تۇرغانىدىم سېنى يوچۇقتىن كۆزىتىپ،
قاچتىڭ ئىچكىرىكى ئۆيۈڭگە لىپ قىلىپ پىنھان بولۇپ.
مەن باراتتىممۇ ئەگەر قالسام بۇنى ئالدىن سېزىپ،
كۆپ ئىزا تارتتىم بېرىپ قالغان ئۈچۈن نادان بولۇپ.
يوق بولۇپ كەتكەن ئىلاھى «يوق» دېگەن سۆز ھۆكمىچە،
سانىلامدۇ قاچسا مېھماندىن كىشى ئىنسان بولۇپ.
ئازدۇرۇپ شەيتان مېنى ئۆيۈڭگە باشلاپ بارمىسا،
مەن باراتتىممۇ بىر دەم ئولتۇرۇش ئارمان بولۇپ؟
يا خىيال قىلدىڭمۇ ئى نامەرد مېنى بىر ئاچ زار،
توق ئىدى قارنىم ئۆيۈمدە دەستە ـ دەستە نان بولۇپ.
مەن ئىدىممۇ ياكى قەست قىلماققا كەلگەن قاتىلىڭ؟
نە ئۈچۈن قاچتىڭ تۆشۈككە مىسلى بىر چاشقان بولۇپ؟!
بۇ ئاجايىپ بولدى بىر ئىش، سەندە ئادەمگەرچىلىك،
يوقىلىپ كەتكەن پۈتۈنلەي يەر بىلەن يەكسان بولۇپ.
لاپ ئۇرۇپ دوستلۇق سۆزىنى قىلغا نەچچە ئالغىنىڭ،
دېگىنە، ئەمدى بۇرادەر چىنتىمۇ يالغان بولۇپ؟!
پەندىيات ئەمدى سېنىڭ يۈزۈڭگە باقمايدۇ كۆزۈم،
دەر سۆزۈك «ئەھدىمنى بۇزسام مەن كېتەي ھايۋان بولۇپ».

1984 - يىل

## ماڭا

بىر قەدەم قويغاندا ئون پىكىرىڭدە مەشغۇللۇق ماڭا،
ئەقلى ھوشۇمدىن كېتىپ ئىشىمدە ئازغۇنلۇق ماڭا.
قانچە قىلدىم بۇ ئاسارەت زەنجىرىدىن قۇتۇلاي،
قىلدى ئىشقىڭ ئوتلىرى بۇ ئىشقا توسقۇنلۇق ماڭا.
گەر جىگەر باغرىم كۆيۈپ، يەتسە دىمىغىڭغا ئىسى،
بۇيرۇما ئەيىبكە مېنى، بولغۇچقا مەجنۇنلۇق ماڭا.
قىلدى تەقدىر بۇ كەبى رەنجى مۇشەققەتكە دۇچار،
نە قىلاي تارتماي ئۇنى بۇ دەردكە تۇتقۇنلۇق ماڭا.
دەر سۆزۈڭ بۇدۇر ئۈمىدىم رەھىم قىلغايسەن ئاخىر،
جانى ۋەسلىڭدىن ئېتىپ كۆڭلۈمگە مەمنۇنلۇق ماڭا.

1984 - يىل

## ۋىجدانىمنىڭ تەلىپى

ھەق - ناھەق ئالدىدا سەن بولما ئەسلا بىتەرەپ،
ئارا يول يوق، تۇر ھەقىقەت مەيدانىدا پۇت تىرەپ.
يا ئۇياق بول، يا بۇياق بول! تۇرما تاۋۇزدەك ئېغىپ،
سەن ئۆزۈڭنى ئاقلىماققا كۆرسىتىپ ھەر خىل سەۋەب.
توغرا يولدا تەڭرىتاغدەك بەرقارار بول ھەر قاچان،

بۇ سىنىڭ ئالدىڭغا ۋىجدانىڭ قويغان تەلەپ.
يەتكۈسى مەقسەتكە ھەر كىم ماڭسا توغرا يول بىلەن،
ئەي سۆزۈك كىم چىقسا يولدىن چۆلدە قالغاي تەشنەلەپ.

1984-يىل

## پۈتمىگەي ھېچ ئىش كۆرەشسىز

ئەي كىشى ئىنسانىيەت بەختى ئۈچۈن قىلغىن كۆرەش.
ھەمراھىڭ بولسۇن ھەمىشە ئۈشبۇ توغرا كۆز قارىش.
پۈتمىگەي دۇنيادا ھېچ بىر ئىش كۆرەشسىز ھېچقاچان.
كۈلمىگەي بەختىڭ سائادەت كۆكىدە ئەسلا قۇياش.
مۇشكىلى كۆپدۇر بۇ يولنىڭ چاغلىما ئانچە ئاسان،
يول ئۇزۇن ئەگرى - توقاي، تاغۇ داۋان كۆككە تۇتاش.
مەردمۇ ئۇ تەييارنى كۈتسە، تەر ئىبقىتماستىن تۇرۇپ.
مەرد شۇدۇر ئەمگەك تەرىدىن گۈل - چېچەك كۆرسەتسە باش
قىل مۇشەققەتلىك كۆرەشنى يار ئۆزۈڭگە بەر چىدام.
ئەرلىكىڭ كۆرسەت، جاپا ئالدىدا تۆكمە قەترە ياش،
كىمكى ئەلگە بولسا دۈشمەن سەن ئاڭا بەرمە ئارام.
يەنچىمەي ، ئەزمەي چايانىنى چوڭ خاتا بولغان ئاياش.
ئەي سۆزۈك ئەل بىلەن بىللە ماڭ نىشانسىرى قاراپ،
قومۇرۇپ تاشلا توسالغۇ ئۇچرىسا، پۈتلاشسا تاش.

1984-يىل

## ئۆلۈم ئالدىدىكى سۆز

جاھان ئايۋانىدىن كەتتۇق، ياشاپ ئۆتكەن ۋەتەن قالدى،
مۇشەققەتلىك قەدەم ئىزى، تۆكۈلگەن تەر ۋە قان قالدى.
قويۇپ يولغا راۋان بولدۇق بۇ مىراسنى ئوغۇل-قىزغا،
ئۇلارغا ئارزۇ-ئارمان بىلەن پارلاق نىشان قالدى.
قىلىپ سەرپ ئۆمرىمىزنى تەرتۆكۈپ بىر باغ بىنا قىلدىق،
خۇشالمىز، ئەلگە شېرىن مېۋىلىك باغ - بوستان قالدى.
قىلىپ بىز زىندەگانلىق ① يادكار قىلدۇق پۈتۈپ تارىخ،
ئەجەب ئىبرەتكە لايىق پەندۇ ھېكمەتلەر ئايان قالدى.
ئۆتەر كارۋان كەبى تارىخ ئۈزۈلمەي ئىزلىنىپ دائىم،
ئۆتەر تارىخ، ئۆتەر دەۋران، ھايات باقى ھامان قالدى.
سۆزۈك ئەينەكتەك كۆزگە كۆرۈندى دەۋرى ئىستىقبال
سۆيۈملۈك نەسلىمىزگە ياخشى ئىقباللىق زامان قالدى.

١٩٥٤-يىل

## شائىر ۋە سۆيگۈ

گەر كىمدە سۆيگۈدىن بولمىسا ئەسەر،
ئۇنىڭغا شائىرلىق بولماس مۇيەسسەر.
سۆيگۈ بىر پاكىز، نازۇك تۇيغۇدۇر،
شائىرنى ناۋاغا كەلتۈرگەن شۇدۇر.

① زىندەگانلىق— تىرىكلىك

هەر كىمگە بېرىلمەس بۇ نازۇك تۇيغۇ،
بۇ تۇيغۇ بولمىغان كۆڭۈلدە ئۇيقۇ.
سۆيگۈلۈك كۆڭۈلدۇر دائىما بىدار
تەلپى بىدارلىق ئىچىدە دىلدار.
قەلبلەرنى ئىستىلا ئەيلىگەن مەڭگۈ،
هەر كىمنى هەر كويغا سالغان ئەي سۆيگۈ!
سۆيىمەن مەن سېنى زىيادە جاندىن،
قانداقمۇ ياشايمەن ئايرىلىپ سەندىن.
ئىجادىي ئىشىمغا بولساڭ سەۋەبكار،
سۆزلۈككە بولۇرسەن مەڭگۈ مەدەتكار.

1984 - يىل

## كىچىك ئىش

تېنىمگە بىر يىڭنە سانجىلسا ياكى
بىر تىكەن قادالسا جان بولۇر بىتاب.
چىش ئارا ئورناشقان چىرىندى تاكى،
ئاغرىتسا قانچىلىك تارتىسەن ئازاب.

كىچىك بىر قايغۇدىن جان بولۇر خەستە،
خاتىرىڭ پەرىشان بولۇپ شىكەستە.
گاهى بىر كىچىك ئىش ئۇنتۇلماس هەرگىز،
قالىدۇ ئۇ ئۆمۈر بويىچە ئەستە.

ۋاقىت بول سۆزۈمنىڭ تەكتىگە يېتىپ،
قېرىقتەك بىر چوغمۇ كۆيدۈرىدىغۇ؟
بىر ئېغىز سۆز گاھى يىلاندەك چېقىپ
يولۋاستەك ئەرلەرنى ئۆلتۈرىدىغۇ؟

يىگىننىڭ ئىشىنى قىلىچ قىلالماس،
بەزىدە قىلىچتىن يىگىنەدۇر مۇھىم.
چۈمۈلىنى كۆزگە ئىلمىغان يولۋاس،
چۈمۈلە قولىدا ئۆلۈمگە مەھكۇم.

بەزىبىر سەل كۆرگەن ئىشتىن ئۈمۈرگە،
ئىز بولۇپ قالىدۇ كەتمەيدىغان داغ.
تامچىلار توپلىنىپ ئايلىنار كۆلگە،
قۇمدىن تاش، تاشلاردىن ھاسىل بولۇر تاغ.

ئالقاندەك خىشلاردىن بولىدۇ بىنا،
ئىمارەت ئاسمانغا كۆتۈرىدۇ باش.
دانلاردىن خامانلار بولىدۇ پەيدا،
مىساللار تولادۇر بۇنىڭغا ئوخشاش.

كىچىك ئىش ھەر قاچان چوڭ ئىشنىڭ ئۇلى،
ئىسپاتلاپ بېرىدۇ بۇنى تەجرىبە.
تارىخنى ياراتقان ئىنسانلار قولى،
بىر بىرلەپ ياراتقان، ئەمەس بىر يولى.

كېچىكىشتىن قول ئۈزمەس ئاقىل ھېچقاچان،
زەررىدىن كۆرىدۇ قۇياش يۈزىنى.
كېچىكىنى كۆزگە ئىلمىغان نادان،
پۇشايمان ئىچىدە كۆرەر ئۆزىنى.

1984 - يىل

## ئەگەر

ئەي يىگىت بولغىن پىدا جانان كېرەك بولسا ئەگەر،
سۆيگۈگە سەندە ساداقەتلىك يۈرەك بولسا ئەگەر.
قايتما يولۇڭدىن كۆرۈپ يول ئۇزۇن دەشت تاغۇ داۋان،
ئىنتىھاسىدا① گۈزەل مەنزىل تىلەك بولسا ئەگەر.
ماڭ ئۆزۈڭگە سەن ھەقىقەتنى ئۇلۇغ ھەمراھ قىلىپ،
سەن يېڭىلمەيسەن ھەقىقەت يار يۆلەك بولسا ئەگەر،
ئۆلگە قىل پەرھادۇ مەجنۇن بىلەن تاھىرلارنى سەن،
گەرچە بۇ يولدا جاپالار قانچە بەك بولسا ئەگەر،
ياخشى ئادەم سانىلۇر ۋىجدانى بولسا كۆكسىدە،
ئاندا ئۈمىد ھەمدە پارلاق كېلەچەك بولسا ئەگەر،
كىمكى ئىستەكسىز ئۆمۈر بىلسە تىرىك دەپ سەن ئۇنى،
ئۇ ئۆلۈك بىر گەۋدە، كىم جانلىق دېمەك بولسا ئەگەر.
ئى سۆزۈك بولماس پاراغەتنى جاپاسىز تاپقىلى،
تارت تىكەن جەبرىنى قەسىدەڭ گۈل - چېچەك بولسا ئەگەر.

1984 - يىل

① ئىنتىھا — ئاخىر

## ماگا

بىر قەدەم قويغاندا ئۇن پىكىردە مەشغۇللۇق ماگا،
ئەقلۇ هوشۇمدىن كېتىپ ئىشىمدە ئازغۇنلۇق ماگا.
قانچە قىلدىم بۇ ئاسارەت زەنجىرىدىن قۇتۇلاي،
قىلدى ئىشقىڭ ئوتلىرى بۇ ئىشقا توسقۇنلۇق ماگا.
گەر جىگەر باغرىم كۆيۈپ، بەتسە دىماغىمغا ئىسى.
بۇيرۇما ئەيىبكە مېنى، بولغاچقا مەجنۇنلۇق ماگا.
قىلدى تەقدىر بۇ كەبى رەنجۇ مۇشەققەتكە دۇچار.
نە قىلاي تارتماق ئۇنى بۇ دەردكە تۇتقۇنلۇق ماگا.
دەر سۆزۈك بىزدۇر ئۆمىدىم رەھىم قىلغايسەن ئاخىر،
جاھى ۋەسلىڭدىن ئېيتىپ كۆڭلۈمگە مەمنۇنلۇق ماگا.

١٩٥٤ - يىل

## شائىرنىڭ قەلەمگە ئېيتقىنى

يۈز قەلەم قەغەز يۈزىدە دائىما بولغىن راۋان،
ئاز ئەمەس يازماققا ماۋزۇ، ماتېرىيال كانى جاھان.
سال نەزەر تۇرمۇشغا ئىلھام مەنبەئى ئۇ كۆپ سېخى،
شەبنەمى ئىلھاملىرىڭغا ئىنتىزار ئەھلى زامان.
قىل ۋەتەنداشلارنى بۇ روھى ئوزۇقتىن بەھرىمەن،
بولسۇن ئۇسسۇزلار ئىچىپ سۇ، بۇ بۇلاقتىن شادىمان.
بەرگۈسى ئىلھام ساڭا تۇرمۇش ئېچىلدۇرغاي چېچەك،

ئۇل - چېچەك ئىشقىدا ئاچ، دائىم تەرەننۇمغا زابان.
ئەيلە سۆز مەيدانىدا جەۋلان، ھۆنەرلەر كۆرسىتىپ،
كىم سېنىڭ بۇ سەنئىتىڭنى كۆرسە، دەر رەھمەت شۇئان.
ئەي قەلەم خەستە سۆزۈكنىڭ پىكرىنى ئەيلە قوبۇل.
ئۇ دېسۇن، سەن ياز ئۇنى، بولسۇن جامائەتكە ئايان.

1984 - يىل

## كېلۇر

مەرىپەت ئىزلەپ بۇلاق يەڭلىغ داۋان ئاققۇم كېلۇر،
مەرىپەت بىرلە دىلىمغا شام - چىراغ ياققۇم كېلۇر.
ئىلمۇ پەننى ئىگىلەپ دەيمەن ياراتسام مۆجىزە،
بۇ بىلەن بارلىق جاھالەتنى ئۇرۇپ چاققۇم كېلۇر.
كونا كۆز كەلمەس كېرەككە، يېڭىلاش ۋاقتى ئۇنى،
دۇنياغا بىر يېڭى كۆز بىلەن تىرەن باققۇم كېلۇر.
«كۆن ئۆتۈپ كەتكەيدۇ بوش» دەپ دائىما ئەندىشە يەپ،
ھەر مىنۇتنى چىڭ تۇتۇپ ئالغا قاراپ چاپقۇم كېلۇر.
قايدە ئىلغارلىقنى كۆرسەم مەن ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈپ،
ھەر قالاقلىق بولسا ئاندىن سەسكىنىپ قاچقۇم كېلۇر.
ئى سۆزۈك بەختۇ سائادەت ئاچقۇچىدۇر ئىلمۇ پەن،
جەمئىيەت ھەمدە تەبىئەت سىرىنى ئاچقۇم كېلۇر.

1984 - يىل

## سۆيگۈ ھەققىدە

ياشنىغان بىر باغ ئىرور - سۆيگۈ باھارىدا ھايات
بۇ باھارسىز قاقىغاي پەرۋازدا ھېچبىر قۇش قانات.
سۆيگۈ شەبنەمدۇر ئېچىلدۇرغاي تىلەكنىڭ غۇنچىسىن،
ئۇشبۇ شەبنەمسىز كىشىلىك ئالىمى تاپماس مۇراد.
سۆيگۈ بىر گۈلخان ئىروركى - قەلب ئارا لاۋۇلدىغان،
مەقسىتىڭ كويىغا تارتقان سېنى ئوتلۇق ھېسسىيات.
ئەي كىشى قەلبىڭدە سۆيگۈدۇر مۇبارەك بىر ساغا،
سۆيگۈدىن قەلبىڭ يورۇق تاپتى ۋۇجۇدۇڭ ئىجتىھات.
بۇ سۆزۈڭ قىلماس تەسەۋۋۇر سۆيگۈسىز بىر كۈننى ھەم،
سۆيگۈدىن ھەر كۈندە ئىلھام يامغۇرى، ھەر كۈن
ئىجاد.

١٩٨٦ - يىل

## يادىڭدا تۇت

ياماندىن ئايرىلىپ ئۆزگىچە يول تۇت
ياخشىغا ئايرىلماس دوست بولۇپ قول تۇت.
نەپسىڭنى تېزگىنلە، چىڭ تارت چۇلۋۇرنى،
مەيلىگە قويمىغىن كۆڭلۈڭنى رول تۇت.

ۋاپاغا ۋاپادار قانۇنى ئالەم،
كىم ئەگەر گۈل تۇتسا ئۇنىڭغا گۈل تۇت.
ئى سۆزۈك يامانغا ياغدۇر نەپرەتىنى.
ياخشىنىڭ مەدھىدە، ئۆزىنى بۇلبۇل تۇت.

1986 - يىل

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: جالالىددىن بەھرام


灵感之花 (维吾尔文)

苏祖克 著

责任编辑：吐尔尼沙·艾山

---

新疆人民出版社出版

(乌鲁木市建中路54号)

[illegible]书店发行 天山区民族印刷厂印刷

787 [illegible]2毫米 32开本 2.625印张 插页

198[illegible]月第1版 1987年8月第1次印刷

印数：——4.000

---

[illegible]10098·1176 定价0.32元